# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

22-يىل نەشرى

ئومۇمىي 79-سان

2001

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: **ئابلەت ئىمىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **پەرىدە ئەمىن**
مۇھەررىر: **ئەزىز تۇردى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

2001 ـ يىللىق 4 ـ سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبياتدن

«ئسكەندەرنامە» دىن ........................ مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەخرىدىن ئىمىن
ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا ........................ ئەلىشىر نەۋائى (21)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

### ئۇيغۇر كلاسسك ژانرە ئەدەبياتدن

تارىخى رەشىدىي ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (25)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ........................ ھېرمان ۋامبېرى (37)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇۋاھاپ قادىر

### تارىختىن ئىزلار

تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم ... ئەخمەت زىيائى (46)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

### مەشھۇر شەخسلەر

نىيازى ۋە ئۇنىڭ «قىسەسۇلغەرايىب» ناملىق ئەسىرى ... پەرىدە ئەمىن (60)

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

كاتتا شەرقتىن كاتتا غەربكە يول ........................ ئىبراھىم غاپپۇروۋ (66)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ۋەلى كېرىم

چاغاتاي ئەدەبىياتى ........................ ك • م • فۇئاد (71)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ............ مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى (83)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مىڭ كوكۇلىلىق قىز (چۆچەك) ................................ (91)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نادىرە رەھىم

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار ۋە 21 - ئەسىردىكى خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرى
.............................. يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى (95)

## ئۇچۇرلار

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزىلى ئويۇلغان ئاپتوۋا ھەققىدە..............................
.............................. ئىسمائىل ھاجى (110)

*　　　*

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

*　　　*

**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:** ئىپپار خېنىم، رەسسام: **ئابدۇشۇكۇر كېرىم.**

**مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە:** يۇقىرىدا، گۈللۈك تورت. مىلادىيە 7 - ئەسىرگە تەئەللۇق. 1972 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 230 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. تۆۋەندە، خىلمۇ خىل پېچىنە - پىرەنىكلەر. 1960 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە تۇرپان ئاستانىدىكى 191 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئىلگىرى - كېيىن قېزىۋېلىنغان.

**مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە:** «ئىسكەندەرنامە» ناملىق قولىيازمىدىن ئېلىنغان سۈرەت.

**مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە:** ئەخمەتجان قاسىمى سالدا. رەسسام: **ئابدۇشۇكۇر كېرىم.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ئىسكەندەرنامە» دىن ①

مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم

مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەخرىددىن ئەمىن

## بەلخ شاھىنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ئىسكەندەرنى تىلسىم ھۇشەڭگە چۈشۈرگەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمنى بەربات قىلغانلىقى

بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق بايان قىلىشىدۇ:

بىر كۈنى بەلخ شاھى ئىسكەندەرگە:

— مۇشۇ ئەتراپتا ناھايىتى خۇش ھاۋا بىر شىكارگاھ بار، شىكارگاھتا بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلار كېلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەيلىڭىز بولسا ئۇ يەردىن كۆڭۈل ئېچىپ كەلگەن بولاتتىڭىز، — دېدى.

— چاتاق يوق، — دېدى ئىسكەندەر ۋە شىكارغا چىقىش خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىكارگاھنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە مەنزىلگە ئاتلاندى. مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ تاغنىڭ ئېتىكىدە شىكارغا مەشغۇل بولدى. ئىسكەندەر ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، تاغنىڭ ئېتىكىدىكى بىر غارنى كۆردى. شۇ چاغدا غاردىن بىر دىۋە چىقىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ھەي ئىسكەندەر، ئەگەر ئەركەك بولساڭ ئالدىمغا ماڭغىن، — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇلتان تەيفۇر ئالدىغا قاراپ ماڭغان ئىدى. ھېلىقى دىۋە ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ غارغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى ئارىسىدا ئاھۇ زار كۆتۈرۈلدى. ئەمىرخان ئالدىغا ماڭغان ئىدى، ئۇمۇ غارغا ئېلىپ كىرىپ كېتىلدى. كەينىدىن شەدداد، خۇسرەۋخان كىياۋەردى، غەزەنفەر، مۇزەففەر، ئەبۇل-فەزل باغدادى ۋە سەئدان بادەكۇھ قاتارلىق يىگىرمە باتۇر غارغا كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقمىدى. ئىسكەندەر بىر پارچە خەت يېزىپ نەئمگە بەردى ۋە:

— بۇ يەردە مىنى ئۈچ كۈنگىچە ساقلا، ئۈچ كۈنگىچە مەن غاردىن چىقمىسام، ئاندىن بۇ خەتنى ئەرەستۇغا بەرگىن، ھەرقانداق يەرگە بارسا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، — دېدى ۋە ئۆزى غارغا كىرىپ كەتتى. نەسىم بولسا بىر چەتتە ئولتۇراتتى.

ئىپلاس بەلخ شاھى ئىسكەندەرنىڭ غارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئوغۇللىرى كەفى سەلسال، كەفى خەلخال ۋە ۋەزىرگە:

---

① بېشى ئالدىنقىساندا

— مەن پەرەنگال شەھىرىگە بېرىپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقىتىمەن. ئىسكەندەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا تېخى خېلى ۋاقىت بار، — دېدى ــ دە، پەرەنگال تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بۇ چاغ تۈن كېچە بولۇپ ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار يولدىن ئادىشىپ قالدى، تاغنىڭ ئېتىكىگە كەلگەندە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىشقا باشلىدى. بەلخ شاھىنىڭ ۋەزىرى:

— تاغنىڭ ئارىسىدىكى غارغا كىرىپ، پاناھلىنىپ تۇرۇپ تاڭ ئاتقاندا ماڭايلى، — دېدى. ئۇلار غارغا كىرىشتى، تۇيۇقسىز تاغنىڭ ئۈستىدىن بىر تاش غۇلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويىدى.

ئىسكەندەرگە كەلسەك، ئۇ غارغا كىردى، غارنىڭ ئىچى مۇناپىقلارنىڭ دىلىدەك قاراڭغۇ ئىدى. ئازراق ماڭغان ئىدى، يورۇقلۇق كۆرۈندى، ئۇ يەردە بىر بوۋاي ئالدىغا چىراغنى قويۇپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇدۇلىدا بىر دىۋە تۇراتتى. دىۋە ئىسكەندەرنى كۆرۈپ نەرە تارتتى. بوۋاي دىۋىگە:

— تىلسىمنى بەربات قىلغۇچى كىشى مۇشۇ شۇ، سەن ئۇنىڭغا يول قويما، — دېدى. دىۋە ئالدىغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى، ئەمىر شەمشەر بىلەن دىۋىنىڭ بېلىگە ئۇردى، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىپ چېقىن پەيدا بولدى، چېقىن توختىغاندىن كېيىن ئىسكەندەر كۆزىنى ئېچىپ، رەيھان گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان بىر باغنى كۆردى، باغدا بىر قەسىر بولۇپ بىرنەچچە قىز مەي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. ئەمىر قەسىرگە كىرگەن ئىدى، قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىغۇدەك بولسا، بىر قىز مەجلىسنىڭ تۆرىدە ئولتۇراتتى. ئەمىر ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى، قىز ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى ۋە:

— ھەي ئىسكەندەر، خۇش كېلىپسىز، — دېدى. ئىسكەندەر شەمشەر بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە ئۇردى ۋە ئۇنى چاناپ تاشلىدى، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ چېقىن پەيدا بولۇپ، ئەتراپ يورۇپ كەتتى. ئازدىن كېيىن قەسىر ۋە باغلار پۈتۈنلەي غايىب بولدى. ئىسكەندەر بىر كارۋان سارايىنى كۆردى ۋە شۇ ئەسنادا بىرقانچە سېرىق چاچ، قارا كۆزلۈكلەر پەيدا بولۇپ:

— تىلسىم ھۇشەڭنى بەربات قىلغانلىقىڭغا مۇبارەك بولسۇن، — دېيىشتى. شۇ زامان ئىسكەندەرنىڭ ئەمىرلىرى — ئەمىرخان، سۇلتان تەيفۇر ۋە باشقا باتۇرلار پەيدا بولدى.

تىلسىم ئىچىدە ھېسابسىز ئالتۇن ۋە گۆھەرلەر بار ئىدى، ئىسكەندەر ئۇلارنى ئالدى ــ دە، يولىغا راۋان بولدى. بۇ گەپنىڭ داۋامىنى كېيىن سۆزلەيمىز، ئىنشائاللا.

## كەيۋان ئوردىسىنىڭ، يەنى سۇلايمان بارگاھىنىڭ ۋەزىرى دانىشمەن ئەرەستۇ ھەكىم ھەققىدە

ئەرەستۇ ئولتۇرغان ئىدى، مىھتەرى نەئىم كېلىپ:

— ھەي ئەرەستۇ، نېمىشقا ئولتۇرىسىز، ئۇلۇس پىر سەكسەنمىڭ لەشكەر بىلەن ھەشتەدەرخاندىن كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. ئەرەستۇ ئويلىنىپ قالدى.

ئەتىسى چاڭ ــ توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلۇس پىرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ھەشتەدەرخاننىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى ۋە كەچتە جەڭ ناغرىسىنى چالدى. ئىككىنچى كۈنى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى. ئىسھاق بىننى

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇس مەيدانغا چۇشۇپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەرەستۇ «ئوردىدا پالۋانلار يوق، ئىسھاققا كىم تاقابىل تۇرالىسۇن» دەپ ئويلاپ تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا قۇدرەتلىك ئاللا ئۇز قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. چۆل تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن جەندە بىلەن نىقابلانغان بىر كىشى جەزائىر ئېتىغا مىنىپ، قىرىق مىڭ ئادەمنى باشلاپ كەلدى ۋە كېلىپلا ئىسھاقنىڭ سەرراھىنى ئالدى. بىر قەپەس نەيزىۋازلىقتىن كېيىن نىقابلىق ئادەم قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ ئىسھاقنىڭ بېشىغا ئۇردى. شەمشەر دۇبۇلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىسھاقنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىكتەك پېتىپ كەتتى. ئۇلۇسنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ھەشتەدەرخاننىڭ لەشكەرلىرى جايلىرىدىن قوزغىلىپ ئىسلام لەشكەرلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. نىقابلىق كىشى كۇپپار لەشكەرلىرىنى قورشاپ ـ قاماپ چاپ ـ چاپ قىلىشقا باشلىدى. كۇپپارلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى. ئۇلۇس پىرمۇ ياربدار بولدى، ئۇلار ھەشتەدەرخان تەرەپكە قاراپ قاچتى. بۇنىڭ داۋامىنى كېيىن سۆزلەيمىز.

## ساھىبقىران ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تىلسىم ھۇشەڭنى بەربات قىلىپ، كەيۋان ئوردىسىغا قايتقانلىقى

سۇلتان ساھىبقىران ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلايلى:

ساھىبقىران تىلسىمنى بەربات قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ھەندان كېلىپ ئوردىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ھەزرەت ئەمىر ساھىبقىران ئوردىغا قاراپ يول ئالدى. كېتىۋېتىپ بىر جايغا كەلگەندە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئىزىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ نەسىمنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بۇ ئىزلارغا قارا، نەگىچە بارىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى، — دېدى. مېھتەرى دەۋران ئىز قوغلاپ غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ بىلەن ساھىبقىرانمۇ بىللە باردى ۋە غار ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئەمىر مەردان بارلىق كۈچىنى يىغىپ غارنىڭ ئىشىكىدىكى تاشنى كۆتۈرۈپ، غارنىڭ ئىچىدىكى بەلخ شاھىنى كۆردى. ئەمىر ساھىبقىران ئۇنىڭدىن:

— ھەي بەلخ شاھى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى. بەلخ شاھى بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئەمىر:

— ئېنىقكى، سىز مۇسۇلمانلارغا ھىيلە ئىشلىتىپ، ئىسلام لەشكەرلىرىنى پارچىلىماقچى بولغان ئىدىڭىز، لېكىن بۇنداق قىلىشىڭىزنى خۇدايىتائالا راۋا كۆرمىدى، — دېدى.

ئەمىر ساھىبقىران بەلخ شاھى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى. خېلى مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە يىراقتىن ئوت شولىسى كۆرۈندى. ئەمىر مېھتەرى نەسىمنى ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. نەسىم ئۇ يەرگە بېرىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە بىر ساقاللىق دىۋاننىڭ خۇش بۇي شارابنى ئالدىدا قويۇپ، قولاننىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا نەسىمنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان دىۋانە نەسىمگە قارىغان ئىدى، نەسىم ئۇنىڭ كۆزىگە جىن بولۇپ كۆرۈندى. نەسىم قاچتى، دىۋانە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى، لېكىن يېتەلمىدى. نەسىم ئەمىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ:

— بۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە بىر دىۋانە بار ئىكەن. ئۇ مېنى كاۋاپ قىلىۋېتىشكە ئاز قالدى، — دېدى.

ئەمىر:

— مەن ئۇ يەرگە بارىمەن ۋە دېۋاننى ئاسانلا تۇتۇۋالىمەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭدا نېمە گەپلەر بارلىقىنى بىلىسەن، — دېدى.

ئەمىر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يولنى داۋاملاشتۇردى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە بەلخ شاھى ئادەملىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كەفى سەلسال بىلەن كەفى خەلخال ئاتىسى بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇنىمىدى. بەلخ شاھى بولسا ئۆز شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، خەندەكلەرگە سۇ قويۇۋېتىپ ۋە جەڭگە تەييارلىق قىلدى.

ئىسكەندەر بەلخ شاھىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئوردىغا يېتىپ كەلدى، لەشكەر باشلىقلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەمىر ساھىبقىران بارگاھقا كىرگەندىن كېيىن بېشارەت ناغرىسى چېلىندى. ئەتىسى ئىسكەندەر بەلخ شاھىنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تېپىپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كەفى سەلسال بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىل، — دېدى كەفى سەلسال.

— ماڭا يەتتە كۈن مۆھلەت بېرىڭ، — دېدى ئەرەستۇ، — مەن بۇ شەھەرنى ۋە شەھەردىكى بارلىق كاپىرلارنى ۋەيران قىلىمەن.

ئەرەستۇ تۆت يۈز شاگىرتى بىلەن بىرلىكتە يەتتە كۈن ئىچىدە تۆت مىڭ دانە پارتلاتقۇچ تەييارلىدى ۋە ئاندىن پەرەنگال شەھىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، لەخمە قازغۇچىلارنى تاپتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇلارغا شەھەر ئەتراپىدا لەخمە كولاشنى بۇيرۇدى. لەخمە تەييار بولغاندىن كېيىن پارتلاتقۇچلارنى لەخمىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئىسكەندەر كېلىپ ئەرەستۇلارنىڭ شەھەردىن يىراق جايغا ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. نەسىم سەفىد مۇھرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان پارتلاتقۇچلارغا ئوت يېقىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بەلخ شاھى قەلئە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىدى، سەفىد مۇھرىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى، ئاتەشبازلار ھەر تەرەپتىن بىر پەرسەخ يەردىكى پارتلاتقۇچلارغا ئوت ياقتى، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا تەڭلا ئوت تۇتاشتى. بەلخ شاھى دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكۈچە شەھەر ئىشغال قىلىندى. يەتتە كۈنگىچە ئاسماندىن توپا ۋە كۈل ياغدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسكەندەر شەھەرگە ئوت قويۇپ بولۇپ ئوردىسىغا قايتتى.

## بۇرەق پەرەڭگىنىڭ ئىسكەندەرنى ئىسھاق بىننى ئۇلۇسنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ئىسھاق بىننى ئۇلۇسنىڭ ئىسكەندەرنى غۇل - زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ ھاجى تەرخان تەرەپكە ئېلىپ بارغانلىقى

مەنۇ چېھرە ھەكىم «ئىسكەندەرنامە»نىڭ بىرىنچى جىلىتىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسھاق بىننى ئۇلۇس جەندە بىلەن نىقابلانغان ئادەم تەرىپىدىن يارىدار قىلىنىپ، لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن ئىسھاق بىننى ئۇلۇس قول ئاستىدىكى ئەمىرلىرىگە:

— مۇشۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپ ياخشىراق مەسلىھەت قىلىشايلى، — دېدى.

مەسلىھەت شۇ بولدىكى، ئىسھاق بىننى ئۇلۇس بۇرەق پەرەڭگىنىڭ يېنىغا ئادەم

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلدى.

— ئەي سەرھەڭ، — دېدى ئىسھاق بۇرەق پەرەڭگە، — ئەگەر ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئىسكەندەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسەڭ، ساڭا ئون مىڭ تۈمەن پۇل بېرىمەن.

بۇرەق پەرەڭگى قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ يولغا چۈشتى. ئۇ ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئوردىسىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئىتنىڭ تېرىسىنى يېپىنچاقلاپ كەچ بولۇشنى ساقلاپ تۇردى. كەچقۇرۇن بۇرەق پەرەڭگى دەرۋازىۋەننىڭ كۆزىنى غەبلەت قىلىپ، ئاتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئوردىغا كىرىۋالدى ۋە ھەممە يەرنى تىمىسقىلاپ، ئاخىر ئىسكەندەرنىڭ چېدىرىنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ چېدىرنى يىرتىپ ئىچىگە كىردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۇخلاپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ھوشسىزلاندۇردى – دە، پەردەئى ئەييارغا ئوراپ ئۈشنىسىگە ئارتتى. ئاندىن كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئىسھاق بىننى ئۇلۇسنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ يەرگە قويدى. ئىسھاق دەرھال ئەمىر ساھىبقىراننى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن ھاجى تەرخان تەرەپكە راۋان بولدى.

بۇ چاغدا جالىنۇس قۇرئىگە قاراپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىسھاق بىننى ئۇلۇسقا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى. جالىنۇس پەرۋاز قىلىپ ھاجى تەرخانغا باردى ۋە ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. «بىر ھەكىم خۇدا پەرەسلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ كېلىپ، قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئۇلۇسقا خەۋەر يەتكۈزۈشتى. ئۇلۇس قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جالىنۇس ئۇلۇسنىڭ يېنىغا كىرىپلا ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلۇس جالىنۇسقا ناھايىتى مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە ئۇنى ئىززەتلىدى.

تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەرنىڭ تۇنۇپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئوردىدا پەرياد كۆتۈرۈلدى. سۇلتان تەيفۇر ئەييارلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئىسكەندەرنى كىمنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاشنى بۇيرۇدى. ئەييارلار تەرەپ – تەرەپكە ئاتلاندى. بىر چاغدا نەسىم كېلىپ: «ئەمىرنى تۇتۇۋېلىپ ئىسھاق بىننى ئۇلۇس ھاجى تەرخانغا ئېلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەرەستۇ شاھزادىگە قاراپ:

— ئەمدى ئەمىر كەلگۈچە لەشكەرلەرگە سەن قوماندانلىق قىلغىن، — دېدى.

سۇلتان تەيفۇر ئەرەستۇنىڭ پەرمانى بويىچە تەختكە چىقىپ ئولتۇردى ۋە لەشكەرلەرگە ھاجى تەرخان تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

بۇ چاغدا ئىسھاق ئىسكەندەرنى ھارۋىغا سېلىپ ھاجى تەرخانغا ئېلىپ باردى ۋە تەرخان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. دەرۋازىنىڭ پەشتىقىدا ئۇلۇس مەملىكىتىدىن بولغان بىر گۈزەل قىز ئولتۇراتتى. يۈزلىرى ئايدەك، مەڭزلىرى ئاناردەك بۇ قىزنىڭ كۆزى ھارۋىغا — ھارۋىدىكى ئىسكەندەرگە چۈشتى ۋە ئىسكەندەرگە ئاشىقى بىقارار بولدى. ئىسكەندەر ئولتۇرغان ھارۋا ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئىسكەندەرنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئۇلۇس خۇشال بولۇپ، بېشارەت ناغرىسىنى ياڭراتتى.

رىۋايەتچى شۇنداق دەيدۇكى، شۇنداق قىلىپ قوللىرى باغلانغان ئىسكەندەرنى ئۇلۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

— ئەي ھەكىمزادە، — دېدى ئۇلۇس، — قانداق بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىڭ؟

ئىسكەندەر جاۋاب بەرمىدى، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى. ئۇلۇس غەزەپلەندى ۋە

ئىسكەندەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. جاللات قىلىچىنى ئەمرنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، ئۆلتۈرمەك مەندىن، تىرىلدۈرمەك سەندىن، — دېدى. ئۇلۇس:

— بۇ بەختسىزنىڭ بېشىنى كەس، — دەپ ئىككىنچى قېتىم بۇيرۇق قىلدى. جاللات ئىسكەندەرگە قىلىچ ئۇرۇشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا ئەييارلارنىڭ سەرھەڭگى نەسىم جاللاتنىڭ ئەمرگە قىلىچ ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردى ۋە دەرھال پالاخمانغا تاش سېلىپ جاللاتنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. جاللاتنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى. مېھتەرى دەۋران شۇ تەرىقىدە ئۈچ جاللاتنى جەھەننەمگە يوللىدى.

— ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇلۇس، — چۈنكى نەسىم ئەييار مۇشۇ ئەتراپتا باردەك قىلىدۇ. ئۇ زادى قانداق ئادەم، مېنىڭ ئۇنى كۆرۈپ باققۇم بار.

— مەن نەسىمنىڭ بەلگىلىرىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى جالىنۇس. ئۇلۇس ئىسكەندەرنى زىندانغا قايتۇرۇپ كېتىشنى بۇيرۇدى.

مېھتەرى نەسىم بۇ يەرگە جارچى قىياپىتىدە كەلگەن ئىدى. جالىنۇسنىڭ كۆزى جارچىغا چۈشتى ۋە:

— جارچىنى تۇتۇڭلار، نەسىم دەل شۇ، — دېدى. ئۇلۇس:

— جارچىنى تۇتۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم بولسا ئېڭىشكەن پېتى بۆكىنى بېشىدىن ئالدى - دە، قېچىپ كېتىپ، دەرھال ياساۋۇل قىياپىتىگە كىردى. جالىنۇس يەنە:

— ياساۋۇلنى تۇتۇڭلار، — دېدى. نەسىم رىكا قىياپىتىگە كىرىۋالدى. قانداقلا قىياپەتكە كىرىۋالسىمۇ جالىنۇس ئۇنى تونۇۋالاتتى. نەسىم ھەرخىل قىياپەتكە كىرىپ باقتى. ئاخىر بېشىدىن سېھىرگەرلىك كۇلاھىنى ئېلىپ تاشلاپ قاچتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇلۇسنىڭ ئەييارى ئىسفەندىيار قوغلىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر - ئىككى قەدەمدىن كېيىن نەسىم كۆزدىن غايىب بولدى ۋە بېرىپ ۋەيرانە ھاممامغا يوشۇرۇندى. نەسىم ھاممامدا ھەنداننى ئەييارنى كۆردى ۋە:

— ئەي ھەندان بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمرنى قۇتقۇلدۇراي دەپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ھەندان.

— بۈگۈن كېچىدە مەن جالىنۇسنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دېدى نەسىم ھەندانغا.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە ۋەيرانە ھاممامدا بولدى. بۇ تەرەپتىكى گەپكە كەلسەك، ئۇلۇس ئىسفەندىيارغا بۇيرۇق بېرىپ:

— ئىسكەندەرنى مىقراز تېغىغا ئېلىپ بېرىپ باغلاپ قوي، ئۆزۈڭ ئەييارلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ساقلا، — دېدى.

ئىسفەندىيار ئەمرنى مىقراز تېغىغا ئېلىپ بېرىپ قاماپ قويدى.

نەسىم بىلەن ھەندان ۋەيرانە ھاممامدىن چىقىپ چارسۇغا بەردى. لېكىن بۇ يەردە ئىسكەندەرنى سولاپ قويغان ساندۇق كۆرۈنمەيتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار ئىككى ئادەمنىڭ بىر - بىرىگە «مىقراز تېغىغا بېرىپ جەڭ قىلايلى» دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. نەسىم ئاھ ئۇردى ۋە:

— ھەي ھەندان، مەن جالىنۇسنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرگىلى بارىمەن، — دېدى.

— مەنمۇ بارىمەن، — دېدى ھەندان.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىرلىكتە جالىنۇسنى ئىزدەپ ماڭدى. لېكىن، ئۇلار ئۇلۇسنىڭ جالىنۇسقا تارتۇق قىلغان ئۆيىنى بىلمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا جالىنۇس خىچىرغا مىنىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭغان ئىدى. ئالدى ـ كەينىدە بىرقانچە ئادەملىرى بىللە كېلىۋاتاتتى. جالىنۇس ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خىچىردىن چۈشتى ۋە مۇلازىملىرىغا قاراپ:

— بۈگۈن ئاخشام مېنىڭ كۆڭلۈم بىرەر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، هوشيار بولۇڭلار، نەسىمنىڭ شۇم قەدىمى بۇ يەرگە تېگىپ قالمىسۇن، — دېدى. شۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان نەسىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە ئىچىدە «هەي هارامزادە، كۆڭلۈڭگە ئوبدان خىيال كېلىپتۇ، ياخشى پەيتنى تاللاپ خىزمىتىڭگە يېتىپ بارىمەن» دېدى.

جالىنۇس ئۆيىگە كىردى ۋە بىردەم كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلىدى. لېكىن، ئۇ پات ـ پات چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى ۋە يەنە ئۇخلاپ قالاتتى. يېرىم كېچە بولدى. نەسىم بىلەن هەمدان ئىشىك باقارنىڭ مۈگدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تامغا ئارغامچا تاشلاپ، يۇقىرىغا يامىشىپ چىقتى ۋە جالىنۇس ئۇخلاپ ياتقان ئۆيگە تۈڭلۈكتىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇلار جالىنۇسنىڭ ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تۆشەكنىڭ پەردىسىنى قايرىدى. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ نەسىم بىلەن هەمدان بىر ئاز ۋاقىت جالىنۇسقا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نەسىم «هەي!» دەپ توۋلىدى. جالىنۇس ئۇيقۇلۇق هالدا سەكرەپ تۇرۇپ: «بابا نەسىم، بېشىڭدىن ئۆرگىلەي، مەن يامان ئىش قىلدىم، خاتالاشتىم» دېدى ۋە يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. كەينىدىن يەنە ئويغىنىپ «بابا، مەن سىنىڭ سېتىۋالغان قولۇڭمەن» دېدى. نەسىم كۈلدى، جالىنۇس بېشىنى كۆتۈرۈپ نەسىمنى كۆردى ۋە:

— هەي باباخان، خوش كېلىپسىز، مەن بىرقانچە دانە ئوبدان جاۋاهىرنى سىزگە ئاتاپ ساقلاپ قويغان ئىدىم، — دېدى ۋە قەلەمدانىدىن جاۋاهىرلارنى ئېلىپ نەسىمنىڭ ئالدىغا قويدى. نەسىم:

— بىسمىللاهىررەهمانىررەهىم، ئالدى بىلەن (مال ـ دۇنيا) قولۇمغا كەلدى، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى. جالىنۇس:

— ئەي نەسىم، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى.

— ماڭدىمۇ ئامال يوق، — دېدى نەسىم، — چۈنكى مەن بۈگۈن كېچە سېنىڭ ساقىلىڭنى چۈشۈرۈۋېتىمەن، دەپ قەسەمىيات قىلغان ئىدىم، ئەمدى ساقىلىڭنى چۈشۈرىمەن، سوغۇق سۇدا چۈشۈرەيمۇ، ئىسسىق سۇدا چۈشۈرەيمۇ، ئۆزۈڭ تاللا.

جالىنۇس «نەسىم سۇ ئىسسىتىپ كەلگۈچە ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلىدۇ، شۇنىڭغىچە مۇلازىملىرىم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ۋە:

— بابام، ئىسسىق سۇ بىلەن چۈشۈرۈڭ، — دېدى.

نەسىم تامبال بېغىنى يېشىپ «قۇدرەت ئاپتۇۋسى» نى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، جالىنۇسنىڭ ساقىلىغا سىيدى. سۈيدۈك جالىنۇسنىڭ ياقىسىدىن ئېقىپ كىيىمىنىڭ ئىچىگە كىردى. مەهتەرى نەسىم جالىنۇسنىڭ ساقىلىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈپ تاشلىدى ۋە بارلىق نەق پۇللارنى هەمدانغا كۆتۈرگۈزۈپ، جالىنۇسنى هوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، كەلگەن يولى بىلەن چىقىپ، ۋەيرانە هامامغا قايتىپ كەلدى.

تاڭ ئاتتى، سۇلتان تەيفۇر سىپاهلىرى بىلەن كېلىپ، چېدىر ـ بارگاه تىكىپ ئورۇنلاشتى. بۇ تەرەپتىن مەرزۇق پەرەڭگىمۇ سىپاهلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلۇس بىشارەت ناغرىسىنى ياڭراتتى.

مەهتەرى نەسىم بىلەن هەمدان

بارگاھقا كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى
بايان قىلدى. جالىنۇس ئۇلۇسنىڭ
بارگاھىغا كەلدى. ئۇلۇس بىلەن مەرزۇق
جالىنۇسنىڭ ئېگىكىنى رومال بىلەن
تېڭىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى
سورىدى. جالىنۇس:

— نەسىمنىڭ ئۈستىدىن داد
ئېيتىمەن، — دېدى، — ئۇ مېنى مۇشۇ
ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى...

رىۋايەتچى ئېيتىدۇكى، مەرزۇقنىڭ
بىر باتۇرى بار بولۇپ ئىسمىنى سەئدان
دېۋىزادە دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بۇ يەرگە بىر
دېۋىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ،
دېۋىنىڭ ئىسمى سەرخاپ دېۋە ئىدى. ئۇنى
سەئداننىڭ ئاتىسى، دېيىشەتتى. سەئدان
بارگاھقا كىرىپ:

— بۈگۈن جەڭ ناغرىسى مېنىڭ
نامىمغا ئاتاپ چېلىنسۇن، مەن خۇداپەرەس-
لەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دېدى.

ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ ناغرىسى
چېلىنىپ، سەپ ھازىرلاندى. سەئدان
دېۋەزادە مەيدانغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ
چاچلىرى پىلتە - پىلتە بولۇپ، گەدىنىگە
چۈشۈپ تۇراتتى.

بۇ تەرەپتىن بولسا بىر پىيادە بۇكەدار
① خۇددى ئۇچقۇندەك چاچراپ چىقتى ۋە
قىرىق نەپەر پىيادە بىلەن بىر بولۇپ،
سەئداننىڭ يولىنى توستى. سەئدان:

— مەندەك باتۇرنىڭ يولىنى
توسىدىغان سەن نېمە ئادەم؟ — دېدى ۋە
قولىدىكى چۆپدەستىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.
پىيادە پالاخمانغا تاش سېلىپ سەئداننىڭ
بېلىكىگە ئۇردى. سەئداننىڭ قولىدىكى
چۆبدەست چۈشۈپ كەتتى. پىيادە سەئدانغا
پۇرسەت بەرمەي، يەنە بىر تاش بىلەن ئۇنىڭ
پېشانىسىگە ئۇردى. تاش ئۇنىڭ بېشىغا
تەگدى ۋە كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۇرەق
پەرەڭگى پىيادىلىرى بىلەن كېلىپ،
سەئداننى مەيداندىن ئېلىپ قاچتى. پىيادىمۇ
مەيداندىن تېز چىقىپ كەتتى.

كەچ بولدى. مېھتەرى نەسىم سۇلتان
تەيفۇرغا:

— ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، مىقراز
تېغىغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ كەلسەم، —
دېدى. سۇلتان تەيفۇر رۇخسەت بەردى.
نەسىم مىقراز تېغىغا قاراپ راۋان بولدى.

بۇ تەرەپتە بولسا، بۇرەق پەرەڭگى
ئىسلام قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن،
كۆپپارلارنىڭ ئوردىسىدىن چىققان ئىدى.
يولدا كېتىۋاتقان نەسىم يىراقتىن بۇرەقنىڭ
قارىسىنى كۆردى - دە، يولغا ئارغامچا
كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزى تاشنىڭ ئارقىسىغا
بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. بۇرەق
ئارغامچا كۆمۈلگەن يەرگە كەلگەندە، نەسىم
ئوغلاقتا ئوخشاش مەرىدى. بۇرەق ئەتراپقا
قارىدى، شۇ چاغدا نەسىم ئارغامچىنى
تارتقان ئىدى، بۇرەق يەرگە يىقىلىپ
چۈشتى. نەسىم لاچىندەك ئېتىلىپ
كېلىپ، بۇرەقنىڭ كۆكرىكىگە چىقىپ
ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى باغلىدى.
بۇرەق ئۇنىڭدىن:

— ھەي پىيادە، سەن كىم؟ — دەپ
سورىدى.

— سىزنىڭ خىزمەتكارىڭىز مېھتەرى
نەسىم بولىمەن، — دېدى نەسىم. بۇرەق
ئۇنىڭغا:

— ئەگەر مېنى ئوردىغا ئېلىپ
بارساڭ، شەھرىيارلار ئىسكەندەرنىڭ
كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مېنى
ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، مال - دۇنيادىن نېمىنى
خالىساڭ شۇنى بېرەي، مېنى ئوردىغا ئېلىپ
بارمىغىن، ھەرقانداق جايدا بولسام سەن
ئۈچۈن دۇئا قىلاي، — دېدى.

— ھەي ھارامزادە، — دېدى نەسىم، —
باغدادقا ھەرقانچە زىيان - زەخمەت
يەتسىمۇ، مال - دۇنيانىڭ ئىگىسى چىقىدۇ.

بۇرەق ئامالسىزلىقتىن جىم بولدى ۋە
نەسىم بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ

www.uyghurkitap.com

ئاستا ـ ئاستا قولىنى بوشاتتى. كەمىرىدىن شەببەرەك ئەيپارنى ئالدى ① ۋە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بابا نەسىم، قولۇمنى باغلاپ قويۇپسىز، يامان ئىشنى كۆپ قىلغانمەن، ماڭا رەھىم قىلماڭ.

نەسىم يېقىنلاپ كېلىشىگە، بۇرەق شەببەرەك ئەيپارنى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچتى. دورىنىڭ تەسىرى بىلەن نەسىم ھوشىدىن كەتتى. بۇرەق تاشنىڭ يېنىغا باردى ۋە قولىدىكى ئارغامچىنى تاشقا سۈركەپ كېسىپ تاشلاپ، نەسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا پىيادە بۇكدەدار پەيدا بولۇپ، بۇرەققە خەنجىرنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى. پىيادىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە كۆزى يەتكەن بۇرەق نەسىمنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. پىيادە مېھتەرى نەسىمنى ھوشىغا كەلتۈردى. نەسىم پىيادىگە رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر ئېيتىپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى.

يەنە بىر كۈنى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تارتىشتى، سەرخاپ دىۋە مەيدانغا چۈشۈپ ۋارقىراپ نەرە تارتىپ، يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، جەندە بىلەن نىقابلانغان ئادەم يېتىپ كەلدى ـ دە، مەيدانغا چۈشۈپ سەرخاپنىڭ سەرراھىنى توستى. سەرخاپ دەررۇ شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابلىق ئادەم سەرخاپنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، قولىدىكى شەمشىرىنى تارتىۋالدى ۋە قولىغا شەمشىرنى ئېلىپ دۈشمەننىڭ بويىنىغا ئۇردى. شەمشەر سەرخاپنىڭ بويىنىغا تۆت ئىلىكتەك چوڭقۇرلۇقتا چېپىپ كىردى. سەرخاپنىڭ پىيادىلىرى ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مېھتەرى نەسىم مىقراز تېغىغا بېرىش مەقسىتىدە يولغا چىققان ئىدى، بۇ چاغدا بۇرەقمۇ تاسادىپىي سىرىتقا چىقىپ، يىراقتىن نەسىمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئارغامچىنى يولغا كۆمۈپ قويۇپ، يوشۇرۇنۇپ ساقلاپ تۇردى. نەسىم ئارغامچىنى دەسسىشى ھامان، ئۇنى يىقىتىپ پۇت ـ قولىنى باغلىدى ـ دە، يۈدۈپ ماڭدى. ئۇ ئازراق ماڭغان ئىدى، چىشى كەپتەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇرەق ئارقىسىغا قارىغان ئىدى. پىيادە بۇكدەدارنى كۆردى. پىيادە يەرگە كۆمۈلگەن ئارغامچە-نى تارتقان ئىدى، بۇرەق يەرگە يۈزىچە يىقىلدى. «بېشىم يېرىلدى، ئاپىرىن ساڭا» دەپ پەرياد قىلدى نەسىم. بۇرەق پىيادىنى تونۇدى. پىيادە:

— ئەمدى بېشىڭ ساقايغاندۇ؟ — دېدى ۋە نەسىمنىڭ قول ـ ئايىغىنى بوشاتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان بۇرەق قاچتى. نەسىم بىلەن پىيادە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. تۇساتتىن ئۇلۇسنىڭ ئوردىسىغا مال ئېلىپ ماڭغان بىر نەچچە قاتار يۈكلۈك تۆگىلەر ئۇچرىغان ئىدى، بۇرەق شۇلارغا قوشۇلۇۋالدى. نەسىم بىلەن پىيادە كەينىگە ياندى.

يەنە بىر كۈنى كېچىدە سۇلتان تەيفۇر نەسىمگە:

— مىقراز تېغىغا بېرىپ ئەمىرنى قۇتقۇلدۇرۇپ كېلىڭ، — دېدى.

نەسىم قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ تاشقىرىغا چىقتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى تاغ باغرىدىكى بىر غارغا چۈشتى. نەسىم تاغ باغرىغا بېرىپ، غار ئاغزىنىڭ تاش بىلەن ئېتىلگەنلىكىنى كۆردى ۋە تاشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، غارنىڭ ئىچىدە قىرىق كۆپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كۆپلەرنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ئىدى، ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىللا ۋە جاۋاھىرلار ئىكەن. نەسىم غاردىن قايتىپ چىقىپ، غارنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. لېكىن، نەسىمنىڭ

بىھوش دورىسى قاچىلانغان ياقۇت قۇتىسى غارنىڭ ئىچىدە چۈشۈپ قالغان ئىدى. نەسىم ئۇنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالدى.

نەسىم كېتىۋېتىپ ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى ۋە يەردىكى توزاقنى كۆردى، دەل شۇ چاغدا بۆرەق ئۇنىڭ قول ۋە گەدىنىدىن باغلىۋالدى. نەسىم بۆرەققە قاراپ:

— ئەي ئەييار، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرسەن، بىراق مەن ساڭا بىر يوشۇرۇن خەزىنىنى كۆرسىتەي، شۇنى ئېلىۋالغىن - دە، ئاندىن مېنى ئۆلتۈرگىن، — دېدى.

— ئۇ خەزىنە نەدە؟ — دېدى بۆرەق.

— مەن بىلەن بىللە بارغىن، كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى نەسىم. ئىككىسى بىرلىكتە غارنىڭ ئاغزىغا كەلدى. بۆرەق غارنىڭ ئاغزىدىكى تاشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىچىدىكى ئالتۇنلارنى كۆردى ۋە نەسىمگە:

— ئەسلىدە سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بولمىسىمۇ، ئەمدى ئۆلتۈرىمەن، ئاڭلىغانمۇ سەنكى، ئۆلۈكتىن سىر ئالغىلى بولمايدۇ، — دېدى. نەسىم ئۆزىنىڭ ياقۇت قۇتىسىنى بۆرەققە كۆرسىتىپ ئىلتىماس قىلدى:

— بۇ ياقۇت قۇتىنى ئۆزۈڭ ئېلىۋالغىن، باشقا بىرى ئېلىپ كەتمىسۇن.

بۆرەق قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. قۇتىدىن چىققان پۇراق بۇرنىغا كىرىپ چۈشكۈردى ۋە شۇئان ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. نەسىم قوللىرىنى بوشىتىپ، بۆرەقنىڭ قول ۋە گەدىنىدىن قوشۇپ باغلىدى ۋە غارنىڭ ئاغزىنى ئەسلىدىكىدەك تاش بىلەن ئېتىپ قويۇپ، ئوردىغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇ سۇلتان تەيفۇرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ غاردىكى خەزىنە ھەققىدە مەلۇمات بەردى. شاھزادە «بىر باتۇر بىرىپ ئالتۇنلارنى ئېلىپ كەلسۇن» دېدى. ئەمىرخان ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم نەچچە قاتار تۆگە ۋە ئىككى مىڭ نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ، نەسىم بىلەن بىرلىكتە غار تەرەپكە ئاتلاندى. غارغا كەلگەندىن كېيىن ئالتۇنلارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ ماڭدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئەھۋاللاردىن ئۇلۇس خەۋەردار بولدى - دە، ئىسھاققا:

— قىلىچىنىڭ كۈچى بىلەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ئىسھاق ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ غارغا قاراپ ئاتلاندى.

بۇ چاغدا ئەمىرخان ئادەملىرى بىلەن ئوردىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئىسھاق ئۇلارغا يېتىۋېلىپ ئەمىرخاننىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئۇنىڭ سەرراھىنى ئالدى. ئەمىرخان ئىسھاققا پۇرسەت بەرمەي، ئۇنى يارىلاندۇردى. بۇ خەۋەر ئۇلۇسقا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇلۇس جەزائىرلىق پالۋاننى ياردەمگە ئەۋەتتى. جەزائىرلىق يېتىپ كېلىپ ئەمىرخان بىلەن ئېلىشتى. ئەمىرخان شەمشەر بىلەن جەزائىرلىقنىڭ گەدىنىگە ئۇردى، لېكىن بۇ تۆمۈر تەنلىككە تىغ كار قىلمىدى. بۇ ناپاك قولىدىكى ساتور بىلەن ئەمىرخاننىڭ كەجگىسىگە ئۇرغان ئىدى، ساتور ئۇنىڭ كەجگىسىگە تۆت ئىلىك مىقدارى پېتىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن پىيادە بوكدەدار يېتىپ كېلىپ، جەزائىرنىڭ سەرراھىنى ئالدى. جەزائىرلىق ساتورىنى ئۇنىڭغا شىلتىغان ئىدى، پىيادە ئۇنىڭ بىلىكىگە تاش بىلەن ئۇردى، جەزائىرلىقنىڭ قولىدىكى ساتور يەرگە چۈشتى. پىيادە يەنە بىر تاش بىلەن جەزائىرلىقنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا ئۇرغان ئىدى، ئاتنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى. جەزائىرلىقنىڭ لەشكەرلىرىگە مەغلۇبىيەت يۈزلەندى. پىيادە ئەمىرخاننىڭ ئالدىغا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېلىپ:

— بۇ خەزىنىدىكى ئالتۇنلار ھازىر ماڭا تەئەللۇق، قاچانكى ئىسكەندەر قايتىپ كەلسە، خەزىنىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن، — دېدى ۋە نەسىمگە:

— سەن بىرىپ بۇرەقنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا قالدۇرغىن، سەن قاچان خالىساڭ شۇ چاغدا ئۇنى مەن ساڭا تاپشۇرىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ نەسىم بۇرەقنى ئېلىپ كېلىپ پىيادىگە تاپشۇرۇپ بەردى. پىيادە بولسا بۇرەققە تۆگىلەرنى يېتىلىتىپ يولىغا راۋان بولدى.

يەنە بىر كۈنى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تارتىشىپ تۇرۇشتى. ناپاك جەزائىرلىق مەيدانغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا چۆلنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، جەندە بىلەن نىقابلانغان بىر ئادەم لەشكەر باشلاپ كەلدى. نىقابلىق ئادەم كېلىپلا جەزائىرلىقنىڭ سەرراھىنى ئالدى - دە، نەيزىۋازلىقتا چۈشۈپ كەتتى. نەيزىۋازلىقتىن ھېچ نەتىجە ھاسىل بولمىغاندىن كېيىن نىقابلىق ئادەم نەيزىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، جەزائىرلىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئۇردى - دە، قول ۋە گەدىنىدىن باغلاپ مېھتەرى نەسىمگە تاپشۇرۇپ بەردى. بۇنى كۆرگەن پەرەڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولدى. كۈن ئولتۇردى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭدىن چېكىنىپ، ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتتى.

يەنە بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلۇس:

— ئىسكەندەر زىندادىن ئېلىپ كېلىنىپ، دەرۋازىدا دارغا تارتىلسۇن ۋە ئوق يامغۇرىغا تۇتۇلسۇن، شۇنىڭ بىلەن پىتنە ئاخىرلاشسۇن، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەييارلار ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلدى، دەرۋازا مەيدانىغا دار تىكلەندى. بۇ ئىشتىن مېھتەرى نەسىم خەۋەر تېپىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. سۇلتان تەيفۇر ھېسابسىز لەشكەرنى باشلاپ، پەرەڭلەرگە ھۇجۇم قىلدى، كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كەتتى. پەرەڭلەرنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. ئۇلۇس:

— ئىسكەندەرنى داردىن چۈشۈرۈپ مىقراز تىغىغا ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

نەسىم بولسا ئىسفەندىيارنىڭ ئەييارلىرى ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، مىقراز تىغىغا باردى ۋە بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالدى. كېچە بولغاندا مېھتەرى نەسىم ھەممە يەرنى ئايلىنىپ، ئاخىر زىندانىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. ئەمما، ئۆيلىمىغان يەردىن ئىسفەندىيار ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەييارلىرى نەسىمنى قورشىۋالدى. تۇتۇلۇپ قېلىشقا كۆزى يەتكەن نەسىم ئامالسىز ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى ۋە غولاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، كۆپ مۇشەققەت-لەرنى تارتىپ، ئاران دېگەندە قىرغاققا چىقىۋالدى ۋە تاڭ ئاتقاندا مىڭ جاپالار بىلەن ئوردىغا يېتىۋالدى. نەسىم ئوردىغا كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى شاھزادىگە مەلۇم قىلدى ھەم:

— باتۇرلاردىن بىرەرسى مېنىڭ بىلەن بارغان بولسا، خۇدا خالىسا ئەمىرنى قۇتقۇلدۇرۇپ كەلسەم، — دېدى. ئەمىر-خان، نەۋفەل ۋە شەددادلار مېھتەرى نەسىمگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى. مىقراز تىغىغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا پىيادە بۇكەدار كېلىپ سالام قىلدى ۋە:

— ھەي باباخان، بۇ يېرىم كېچىدە نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى. نەسىم ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپ بەردى. پىيادە:

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىللە باراي، —

دەپ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىھتەرى مەھمۇد بىلەن مىھتەرى نەئىممۇ يېتىشىپ كەلدى. ھەممىسى بىرلىكتە قەلئە تېمىنىڭ يېنىغا توپلاندى. ئەمىرخان، شەدداد ۋە نەسىم ئارغامچا تاشلاپ، قەلئەنىڭ تۆپىسىگە چىقتى. قەلئەنىڭ تۆپىسىدە بىر ئادەم كالا بىلەن سۇ توشۇۋاتاتتى. يەنە بىر ئادەم سوغا بىلەن سۇ تارتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى قارىغۇ ئىدى. نەسىم سۇ تارتىۋاتقاننىڭ قورسىقىغا خەنجەر تىقتى، خەنجەر ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. نەسىم ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ سوغىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى. پىيادە سوغىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يۇقىرىغا چىقتى. نەسىم:

— كالا ھەيدىگەن ئادەمگە بىر ئامال قىل، — دېدى. پىيادە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. كالا ھەيدىگەن ئادەم:

— بابا سەئبان، نەگە بارىسەن؟ نېمە ئۈچۈن سۇ تارتمايسەن؟ — دەپ سورىدى. پىيادە:

— سىزگە ئازراق سۆزۈم بار، بۇ ياققا كېلىڭ، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرۇپ، دەرياغا تاشلىۋېتىپ، تۆۋەندىكى باتۇرلارنى يۇقىرىغا تارتىپ چىقاردى. باتۇرلار خەنجەر تارتىپ ئۇلۇسنىڭ ئەييارلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر قانچىسىنى چاناپ تاشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مىھتەرى ئىسفەندىيار ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ نەسىم ئىسكەندەرنى قۇتقۇزدى.

ئىسكەندەر پىيادىنى كۆردى ۋە:

— نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئەمىرخان پىيادە توغرۇلۇق بارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ئەمىر پىيادىگە قاراپ:

— ھەرقانداق ھاجىتىڭ بولسا ئېيتقىن، ئورۇندايمەن، — دېدى. پىيادە:

— مەن ھېلىقى خەزىنىنى ۋە مىھتەرى بۇرەقنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى ۋە تېز يۈرۈپ كەتتى. ئەمىر بۇرادەرلىرى بىلەن ئوردىغا كېلىپ بېشارەت ناغرىسىنى ياڭراتتى.

بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇلۇس ئەلەم چەكتى.

ئىسكەندەر جەزائىرلىقنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. جەزائىرلىق ئېلىپ كېلىندى. ئىسكەندەر ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ھاۋادا بىر قول پەيدا بولۇپ، جەزائىرلىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتقان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە:

— جەزائىرلىقنىڭ مەشۇقى مەرجان جادۇ سالامەتلا بولىدىكەن، جەزائىرلىققا ھېچقانداق ئادەم قول تەگكۈزەلمەيدۇ، — دېدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن پىيادە بۇكەدار مىھتەرى بۇرەقنى ۋە تۆگىلەرگە ئالتۇنلارنى يۈكلەپ ئېلىپ كەلدى. ئەمىر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، پىيادىگە كۆپ مېھرىبانلىقلارنى قىلدى ۋە:

— ھەي بالام، نېمە تەلەپلىرىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي شەھرىيار، — دېدى پىيادە، — مەن ئوربەھمەننىڭ ئوغلى بولىمەن، ئىسمىم قەمھۇر. مەرزۇق بولسا ئاتامنىڭ مۇلازىمى ئىدى. ئۇ مېنىڭ پادىشاھلىقىمنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان. ئارزۇيۇم شۇكى، ئاتامنىڭ ئورنىنى ماڭا بەرسىڭىز.

— ئىنشائاللا، — دېدى ئەمىر، — شۇنداق قىلىمەن. پىيادە ئىسكەندەرگە تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمىر بۇرەقنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى ۋە بۇرەق كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئەمدى ماڭا بويسۇنغىن، نەسىمدىن كېيىنكى مەرتىۋىنى ساڭا بېرەي، نەسىمنىڭ ئورۇنباسارى بول، — دېدى.

— شەھرىيار، — دېدى بۇرەق، — مەن نەسىمگە بىر ھۈنەر ئىشلىتەي، ئەگەر نەسىم مېنى يېڭەلىسە مەن نەسىم ئۈچۈن خىزمەتكارلىق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا تاقاي، ئەگەر نەسىمنى يېڭىۋالسام مەن

uyghurkitap.com

ئەييارلارنىڭ سەرھەڭگى بولاي، نەسىم مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولسۇن.

بۆرەقنىڭ شەرتىگە نەسىم قوشۇلدى.

— قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى نەسىم بۆرەقتىن.

— بۈگۈن كېچىدە سۇلتان تەيفۇرنى ئېلىپ كېتىمەن، ئەگەر ئەييار بولساڭ ئۇنى قۇتۇلدۇر، — دېدى بۆرەق. ئەمىر بۆرەققە ئىجازەت بەردى. بۆرەق تېز يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە شۇ ماڭغانچە مەرزۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. مەرزۇق ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى.

كېچە بولدى. نەسىم: «سۇلتان تەيفۇر باشلىق بارلىق ئەييار ۋە سەردارلار بۈگۈن كېچە ماڭا مېھمان بولۇڭلار» دېدى. بارلىق ئەييار ۋە سەردارلار نەسىمنىڭ خانىسىغا يىغىلىپ سۆھبەت قۇرۇشتى. ئارىلىقتا سۇلتان تەيفۇر ھاجەتكە چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. نەسىم ئۇنىڭدىن:

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

سۇلتان تەيفۇر:

— دىلىم دەرد قىلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. نەسىم دادىسى نەئىم ئەييارغا قاراپ:

— شامداننى كۆتۈرۈپ سۇلتان تەيفۇرغا ھەمراھ بولۇپ بارغىن، ھوشيار بولغىن، ئۇنى بۆرەق ئېلىپ كەتمىسۇن، — دېدى.

نەئىم سۇلتان بىلەن بىللە چىقىپ، ئۆزىمۇ ھاجەت قىلماقچى بولۇپ ئولتۇردى. شۇ ۋاقىتتا بۆرەق بىر بۇلۇڭدا ساقلاپ تۇرغان ئىدى. ئۇ سۇلتاننى كۆرۈپ چېدىرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى ـ دە، شەببەرەك ئەييارنى مفتولنىڭ ئۇچىغا بېكىتىپ شامدانغا باغلاپ قويدى. دورىنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ، نەئىم ھوشسىزلاندى. ئاندىن كېيىن بۆرەق شامداننى ئەۋرەزنىڭ يېنىغا يۆتكەپ قويۇپ يەنە يوشۇرۇنىۋالدى. شاھزادە ھاجەت قىلىپ بولۇپ تاشقىرىغا چىققتى، بۆرەق شەببەرەك ئەييارنى شاھزادىنىڭ بۇرنىغا يېقىنلاشتۇردى. شاھزادە ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى، بۆرەق ئۇنى پالازغا يۆگىدى ـ دە، كۆتۈرگەن پېتى تېز يۈرۈپ كەتتى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، شاھزادە بىلەن نەئىمنىڭ قايتىپ كېلمىگەنلىكىنى كۆرگەن نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى ۋە نەئىمنىڭ ھوشسىز ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆردى، شاھزادە بولسا كۆرۈنمەيتتى. نەسىم نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا بىر نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. نەئىم:

— ئەي بالام، — دېدى نەسىمگە، — ئاتاڭنى ئۇرۇپ جەۋان مەرگ بولما، مېنى نىمە ئۈچۈن ئۇرىسەن؟

نەئىم كوسا (ساقالسىز) ئادەم ئىدى.

— ئەي ئاتا، سەن كوسا، — دېدى نەسىم، — شاھزادە قېنى؟

نەئىم بېشىنى تۆۋەن سالدى. نەسىم بارگاھقا كىردى، ئەمىر ئۇنىڭدىن:

— نىمە خەۋەرلەر بار؟ — دەپ سورىدى. نەسىم ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئەمىر بۇيرۇدى:

— دەرھال بېرىپ شاھزادىنى ئېلىپ كېلىشىڭ كېرەك.

نەسىم: «خوپ بولىدۇ» دەپ تاشقىرىغا چىقىپ، سۇلتاننى ئىزدەپ يولغا راۋان بولدى. سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلۇسنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا جالىنۇس ئۇلۇس بىلەن مەرزۇققا «كىمكى نەسىمنىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم چاقىرسا نەسىم دەرھال شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ» دەۋاتاتتى. مەرزۇق:

— نىمە دېدىڭ؟ — دېدى ۋە، — ئەي نەسىم، ئەي نەسىم، ئەي نەسىم، — دەپ ئۈچ قېتىم چاقىردى. شۇ زامان مېھتەرى دەۋران نەسىم ئەييار چېدىردا ھازىر بولدى. جالىنۇس نەسىمگە قارىدى. نەسىم يۇنان تىلىدا:

— پىتنە ـ پاسات قىلما، — دېدى جالىنۇسقا.

— بابا، — دېدى جالىنۇس نەسىمگە، — ئۆز ئىشىڭغا تۇتۇش قىل، مەردانە

بولغىن.

— ئەگەر سەن يول قويساڭ مەردانە بولىمەن، — دېدى نەسىم، — بۇگۈن كېچە قەپەسنى ھەم ئۇلۇس، ئىسھاق، مەرزۇقلارنى ئېلىپ كەتمەكچىمەن.

نەسىم شۇنداق دەپ قەپەسنى كۆتۈرۈپ تېز چىقىپ كەتتى ۋە بارگاھقا بېرىپ قەپەسنى يەرگە قويدى. بۇنى كۆرگەن ئەمىر نەسىمگە ئاپىرىن ئېيتتى.

بۇ تەرەپتە بولسا جالىنۇس ئۇلۇس قاتارلىقلارغا:

— ھوشيار بولۇڭلار، بۇگۈن كېچە نەسىم سىلەرنى ئېلىپ كەتمەكچى، قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئامالىنى تېپىش كېرەك، — دېدى. ئۇلۇس:

— بۇگۈن كېچىدە شەھەر ۋە ئوردىغا بېرىپ، شۇ يەردە سۆھبەتلىشەيلى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تۆت جىسەكچىلەرنىڭ قوغدىشىدا ئوردىغا قاراپ ماڭدى. مەرزۇق بولسا شەھەرگە يېتىپ باردى - دە، ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، مىھتەرى ئىسفەندىيارنى كەشكچىلەر بىلەن كەشىك چىلىشقا بۇيرۇدى. تۈن كېچە بولدى، مىھتەرى نەسىم شەرۋى لىباسنى كىيدى - دە، چېقىندەك تېزلىك بىلەن يولغا ئاتلاندى. ئۇ ئۇلۇسنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئوردىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. نەسىم ئۇلۇس قاتارلىقلارنىڭ شەھەرگە كەتكەنلىكىنى بىلدى - دە، خەندەكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى ۋە ئۇلۇس تۇرۇۋاتقان بىناغا يېتىپ كەلدى. ئەييارلار بىنانىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كەشىك چېلىپ يۈرۈشەتتى. نەسىم ئىسفەندىيارنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، ئەييارلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئەييارلار ئۇنىڭدىن:

— ئەي سەرھەڭ، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇرەق بىلەن ئىشىم بار ئىدى، — دېدى نەسىم ۋە بىناغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بىناغا كىرىپ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەي ئىچىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «ئەگەر بۇلارنىڭ يېنىغا بارسام جالىنۇس مېنى تونۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلىدى نەسىم ۋە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى بىر باغقا چۈشتى. باغقا كىرىپ بىر قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. قىز:

— ئەي ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، مېنىڭ ئالدىمغا مىھتەرى نەسىمنى-ى-ى كەلتۈرگىن، — دەۋاتاتتى. نەسىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن:

— نەسىمدە نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى. قىز:

— چۈشۈمدە ھەزرىتى ئىبراھىم سەلىۋاتۇللاھى ئەلەيھىسسالام بۇگۈن كېچە نەسىم ئۇشبۇ جايغا كېلىدۇ، سەن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن، دېگەن ئىدى، ھەمدە نەسىمنىڭ بەلگىلىرىنى دەپ بەرگەن ئىدى، — دېدى.

— مەن نەسىم بولىمەن، — دېدى نەسىم.

— سەن ئىسفەندىيار ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز.

— ئەگەر خالىسام نەسىمنىڭ سۈرىتىدە بولىمەن، — دېدى نەسىم ۋە ئۆز قىياپىتىگە كىردى.

— ھەي قىز، سەن كىم بولىسەن؟

— دەپ سورىدى نەسىم قىزدىن. قىز:

— مەن ئىسھاق بىننى ئۇلۇسنىڭ قىزى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سېنىڭ ياردىمىڭ بەدىلىگە شۇنداق شەرت قىلىمەنكى، — دېدى نەسىم، — سىزنى ئىسكەندەر ھەرەمخانىسىنىڭ خاس خانىملىقىغا ئېرىشتۈرىمەن.

شۇنداق قىلىپ، نەسىم كېنىزەك قىياپىتىدە ياساندى - دە، ئۆزۈن ساقلانغان شارابتىن ئىككى جام كۆتۈرۈپ، قىز بىلەن بىللە ئۇلۇس ئولتۇرغان بىناغا كىردى. بۇلارنى كۆرگەن ئىسھاق قىزغا قاراپ:

— ھەي قىزىم، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككى جام كونا شاراب ساقلاپ كەلگەن ئىدىم، — دېدى قىز، — شۇنى مەرزۇق شاھقا ئېلىپ كەلدىم. ئۆزۈممۇ

بــــەرەر سائەت بۇ بەزمـــــــنـــــى تاماشا قىلماقچىمەن.

شۇ گەپ بىــلەن ھەممەيلەن شاراب ئىچىشكە تۇتۇش قىلىشتـــى. ئاز ئۆتمەي بەزمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەست بولۇپ يىقىلدى. نەسىم دەرھال پادىشاھ ئۇلۇس ۋە ئىسھاق، مەرزۇق، بۇرەقلەرنى گــىلەمگە يۆگەپ، قايتىدىن مىھتەرى ئىسفەندىيارنىڭ قىياپىتىگە كىردى ـ دە، گــــىلەمنـــى ئۆچىسىغا يۈدۈپ، بىنادىن چىقتى ۋە تاڭ يورىغان چاغدا بارگاھقا يېتىپ كېلىپ، ئۆچىسىدىكىلەرنى يەردە قويدى. بۇنـــى كۆرگەن ئەمىر:

— ھەي بابا، ئېلىپ كەلگىنىڭ نېمە؟

— دەپ سورىدى. نەسىم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. بارگاھتىكـــىلەر ئاپىرىن سادىلىرىنى ياڭراتتى.

ئۇلۇس قاتارلىقلار ھوشىغا كەلتۈرۈلدى. ئىسكەندەر مەرزۇققا قاراپ:

— مۇسۇلمان بولۇپ، ماڭا ئىتائەت قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ قايتىدىن پەرەڭ مەملىكىتىگە پادىشاھ بولــــىسەن. ئەگەر ئىتائەت قىلمىساڭ نەگە بېرىشنى خالىساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدى.

— ئىتائەت قىلمايمەن، — دېدى. مەرزۇق.

ئىسكەندەر گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن ئات كەلتۈرۈشنـــى بۇيرۇدى ۋە ئاتنــــى مەرزۇققا بەردى. مەرزۇق ئاتنى مىنىپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھ ئۇلۇس ۋە ئىسھاق ئىسكەندەرنىڭ بۇنچىۋالا مەرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. بۇنىڭ بىلەن مىھتەرى بۇرەقمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ نەســـىمگە ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇلۇسقا ھەممە پادىشاھلاردىن ئۈستۈن مەرتـــىۋە بېرىلدى. ئىــــسھاققا سول قولدىن، ئەمىرخانغا تۆۋەن ياندىن ئورۇن بېرىلدى. ھەممە شادلىققا چۆمدى.

جالىنۇس يۇقىرىدىكى ئىـــشلارنـــى كۆرگەندىن كېيىـــن قۇرئـــگە قاراپ، ئىسكەندەرنىڭ ھاجى تەرخاننى مەرزۇقنىڭ قولىدىن بۈگۈن ياكى ئەتە ئالىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ مازاندارانغا ھازىرچە تېگىش قىلغۇدەك ۋاقتى يوق، دەپ ئويلىدى ـ دە، مال ـ دۇنياسىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، مازانداران تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى.

ئىسكەندەر باتۇرلىرى بىلەن بىــــللە ئوۋغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا سەرخاپ دىۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىـــسكەندەرنـــى تۇتۇۋالىمەن، دەپ ئويلاپ ئىـــسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكـــىن، ئىـــسكەندەر سەرخاپنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇردى ۋە پۇت ـ قولىنى باغلىدى ـ دە، ئوۋنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى. سەئدان ئاتىسىنىڭ ئىسكەندەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چۆپدەستىنى ئېلىپ ئەمىرنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەر سەرخاپتىن سوراق سوراۋاتاتتى:

— سەئدان ئادەم بالـــــىسى، سەن بولساڭ دىۋە، سەئداننـــى نەدىن ئېلىـــــپ كەلگەن ئىدىڭ، جاۋاب بەر، — دېدى ئەمىر سەرخاپقا.

— ئەي شەھرىيار، — دېدى سەرخاپ جاۋاب بېرىپ، — سەئداننى ھىندىستان شەھىرىدە بۆشۈكىدىن ئېلىپ قاچقان ئىدىم. بالىنىڭ ئانىسى «ئەي دىۋە، بالىنى قوي، بۇ بالا ساسان ئىبنى بەھمەن ئىبنى ئىسفەندىيارنىڭ بالىســـدۇر» دەپ پەرياد قىلغان ئىدى. مەن قۇلاق سالمىدىم. بالىنى چۆللۈككە ئېلىپ بېرىپ شىر، بەبرە ۋە يولۋاس گۆشلىرىنى يېدۈرۈپ باقتىـــم. ھازىرغىچە ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

گــەپ بــولــۇۋاتقــاندا تــاشقــىرىــدىــن سەئداننىڭ: «ئاتامنى كىم ئەسىرگە ئالدى» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىسكەندەر ئۇنى چاقىرتىپ كىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— نومۇس ئەمەسمۇ ساڭا، دىۋىنى ئاتام دەپ خاتالىشـــىۋاتـــىسەن. كەل، ئۆزۈڭنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋال، — دېدى. شۇ يەردە تۇرغان ئەمىرخان سەئدانغا:

— ئەي باتۇر، سەن ئىسكەندەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، — دېدى ۋە ۋەقەنى باشتىن سۆزلەپ بەردى. سەئدان ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن قولىغا ساتورنى ئېلىپ سەرخاپنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ئىدى، سەرخاپ ئەمىرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلدى. ئەمىر سەئداندىن سەرخاپنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، سەئدان ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئەمىر ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سول قول تەرىپىدىن جاي بەردى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئىسكەندەر ۋە مەرزۇق ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ ناغرىسى ياڭراتتى، مەرزۇق ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ، يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن شەدداد بىدادگەر ئەمىردىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا چۈشتى ـ دە، بىر ساتور ئۇزۇپ مەرزۇقنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. ئىسلام لەشكەرلىرى پەرەڭ لەشكەرلىرىگە بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ قاتمۇ قات قورشاۋغا ئالدى. پەرەڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئامانلىق تىلىدى، ئەمىر ئۇلارغا ئامانلىق بەردى. شۇنداق قىلىپ، بارلىق پەرەڭلەر مۇسۇلمان بولدى. قەمھۇر پۈتكۈل پەرەڭلەرنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەندى. پەرەڭلەرنىڭ بارلىق بۇتخانىلىرى ۋەيران قىلىنىپ، ئورنىغا مەسچىت ۋە مەدرىسلەر بىنا قىلىندى.

ئىسكەندەر پادىشاھ ئۇلۇسنى ئۆزىگە نائىب قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلۇسنىڭ قىزى قەمەررۇخنى ئۆزى ئەقدى ـ نىكاھىغا ئېلىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. مىھتەرى بۇرەقنىڭ قىزىنى نەسىمگە ئېلىپ بەردى. (ئۇنىڭدىن مىھتەر نەئىم سانى ② نۇغۇلىدۇ). مىھتەرى ئىسفەندىيارنىڭ قىزىنى مىھتەرى نەئىمگە ئېلىپ بەردى. بۇ قىز مىھتەرى نەئىمدىن مىھتەرى خۇررەمگە ھامىلىدار بولدى. يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىسھاقنىڭ قىزىنى سۇلتان تەيفۇرغا نىكاھلاپ قويدى. قىز سۇلتاندىن ھامىلىدار بولدى. بۇ ئەھۋاللار پەيتى كەلگەندە بايان قىلىنىدۇ، ئىنشائاللا.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەمىر ئەتراپىتىكىلەردىن:

— ئەمدى بۇ يەردىن نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— مازاندارانغا بارساق بولارمىكىن، — دېدى پادىشاھ ئۇلۇس. ئىسكەندەر:

— ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى كىم؟ — دەپ سورىدى.

— كىياتالىپ ۋە كىيا مۇزەففەر ئەرجەڭ دىۋەزاد، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلۇس، — ئۇنىڭ ئون ئىككى مىڭ دىۋىسى بار.

— سىزگە مازاندارانغا بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى، — دېدى ئەمىر ئوغلىغا، — ئالدىن يۈرەر قىسىملارنى مازاندەران تەرەپكە ئاتلاندۇردۇڭ، ئاللاتائالانىڭ نېمە خاھىشى بار ئىكەنلىكىنى كۆرەيلى.

**ئىزاھات:**

① بۇكدەدار — مۆكۈپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچى.
② شەببەرەك ئەييار — ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى.
③ سانى — ئىككىنچى.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا①

## ئەلىشىر نەۋائى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللاخان

بۇ دەمنى ئارىپ ئېسەڭ ياخشى تۇتكى، جاھىل ئىشى يېتىشەئالماغانگە ئۆتكەنگە قىيلۇ قال ئۇلغاي.

(ئۆتكەنگە ئېچىنىپ ۋە قايغۇرۇپ، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلار توغرىسىدا خام خىياللارنى قىلىپ يۈرۈش جاھىللارنىڭ ئىشى. ئەقىللىق بولساڭ، ھازىرقى پەيتىڭنى چىڭ تۇت).

جەھل ئەھلى بىلە كىمگەكى ئۇلفەت ئۇلغاي،
ئول ئۇلفەتى ئىچرە يۈز مىڭ ئافەت بولغاي.

(كىمكى جاھىللار بىلەن ئۇلپەت بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ دوستلىقىدىن ئۇنىڭغا كۆپ ئاپەت كېلىدۇ).

ئېرۇر ئەھلى ھۇنەر قاشىدە ھۇنەر،
ئەيب ياپماق داغى ھۇنەر تاپماق.
ھۇنەرىن ئېلىنىڭ ئاشكار ئەتمەك،
يوق ئېسە بارى ئەيبىنى ياپماق.

(قابىلىيەتلىك كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا سۆزلەيدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ قابىلىيىتىنى تەرىپ قىلمىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى سۆزلەپ يۈرمەسلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر ياخشى خۇسۇسىيەت).

ئەگەر كىمسەدىن زاھىر ئولسا يەمان،
كۆرەر نىكى زاھىر ئەتدى، ھەمان.

(كىمكى باشقىلارغا يامانلىق قىلىدىكەن، ئۆزى قىلغان يامانلىقتەك يامانلىقنى باشقىلاردىن ھامان تارتىدۇ).

---

① بىشى ئۆتكەن ساندا

ئاسىھى سادىقكى، ئېرۇر بىغەرەز،
بىل ئاڭا ئالەمدە ئاپىلماس ئەۋەز.

(ئەگەر نەسىھەت قىلغۇچى خالىس ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ جاھاندا تەڭدىشى يوقدۇر).

قەسد ئىلە يالغان دېمەدى راستگوي،
چىن دېمەدى سەئي ئىلە كەززابخوي.

(راست سۆزلەيدىغان كىشى قەستەن يالغان گەپ قىلالمىغاندەك، ئالدامچى، يالغانچى كىشى قانچە ھەرىكەت قىلغان بىلەنمۇ راست سۆز قىلالمايدۇ).

ناراستقا كۆپ ئۇيات ئېرۇر تۈزلۈكدىن،
لېك ئەر كىشىگە نەجات ئېرۇر تۈزلۈكدىن.

(يامان نىيەتلىك كىشىلەر توغرىلىق ۋە خالىس نىيەت ئالدىدا ھامان ئۇياتقا قالىدۇ. لېكىن مەرت كىشىلەر ئۆزىنىڭ توغرا نىيىتى نەتىجىسىدە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ).

دەمىڭدىن يىراق تۇتماغىل ھۇشنى،
كى يۈزلەنمەگەي ھەردەم ئافەت ساڭا.

(ھەر دائىم ئەقىل بىلەن ئىش قىلساڭ، ساڭا ھېچقانداق خاپىلىق ۋە بالايىئاپەت كەلمەيدۇ).

ئىشىڭ پايانىكى زىشتدۇرۇن بولغاي،
ئۇلدۇركى، يامان ئىش بىلە مەكرۇن بولغاي.

(يامان ئىشلارغا ئارىلاشساڭ، ئىشىڭنىڭ نەتىجىسىمۇ يامانلىق بىلەن تۈگەيدۇ).

ئادەم ئۇلغان زىيبى زاھىردىن دېمەس،
كىمكى ئاندىن فەخر ئېتەر، ئادەم ئەمەس.

(ئەقىللىق ئادەم تاشقى كۆرۈنۈشتىكى زىبۇ زىنىنەتكە كۆڭۈل بەرمەيدۇ. تاشقى بېزەكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان كىشىنى ئىنسان، دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ).

غەفلەت ئارا خۇش كۆرۈبان خۇش دېمە،
ۋاقىف ئولۇپ سوڭرە پۇشەيمان يېمە.

(كىشىنى ياخشى سىنىماي تۇرۇپ ياخشى باھا بەرمە، شۇندىلا ئۇنىڭ يامان مىجەز -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇلقىنى چۈشەنگىنىڭدىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ يۈرمەيسەن).

گەنج بېرىپ بولماس ئىكەن تۈتسە كۆز،
ئۇلچە قىلغۇر ۋەقتىدە بىر ياخشى سۆز.

(كۆپ خەزىنىنى سەرپ قىلىپ يېتىپ بولمايدىغان مەقسەتكە، ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆز بىلەن يېتىش مۇمكىن).

كېرەك بولسا سۆز ئۆيلەكىم دۇررى پاك،
سەدەفدەك ھەقىر ئولسا قايىل نى باك.

(قىممەت باھالىق گۆھەردەك سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ سەدەپدەك كۆرۈمسىز، كەمتەر بولۇشى ئەيىب ئەمەس).

پەياپەي چۈچۈك سۆز چۇ پەيغام ئولۇر،
ئانىڭدەك خەشەن جانۋەر رام بولۇر.

(تىلىڭ شېرىن، سۆزۈڭ ئورۇنلۇق بولسا، زەھەرلىك يىلانلارمۇ ساڭا رام بولىدۇ).

چۈن سىنسە كۆڭۈل زەخمى زەبان ئاغرىغىدىن،
كەم ئېرمەس ئانىڭ ئاغرىغى جان ئاغرىغىدىن.
ھەرنىكى ساڭا يېتەر لىسان ئاغرىغىدىن،
بىلگىلكى قاتىغدۇرۇر سىنان ئاغرىغىدىن.

(سۆزدىن ئازار يېتىپ كىشىنىڭ كۆڭلى سۇنسا، ئۇنىڭ ئازابى جان ئاچچىقىدىن كەم بولمايدۇ. يامان تىلنىڭ ئازارىدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل يارىسى، بىلگىنكى، تەنگە نەيزە سانجىلىپ پەيدا بولغان جاراھەتنىڭ ئاغرىقىدىن قاتتىقراقتۇر).

ئىززەت بەرمەس نەقدۇ دىرەم بارلىغى،
كىم بولدى تەمەئدىن كىشىنىڭ خارلىقى.

(كىشىنىڭ بايلىقى ۋە پۇلى ئۇنىڭغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت بېرەلمەيدۇ. تەمەخورلۇق كىشىگە خارلىق كەلتۈرىدۇ).

بىشە شىرىن گەر زەبۇن قىلساڭ شۇجائەتدىن ئەمەس،
نەفس ئىتىن قىلساڭ زەبۇن ئالەمدە يوق سەندەك شۇجائ.

(جاڭگالدىكى شىرنى يەڭسەڭ ئۇ باتۇرلۇق ئەمەس. ئەگەر نەپسىڭنىڭ ئىتىنى

يېخەلىسەڭ ئالەمدىكى ئەڭ باتۇر كىشى سەن بولىسەن).

نەفىقە بىلە نەفسىن تۇتما دەرىغ،
جانىڭغە ئىفرات ئىلە ھەم ئۇرما تىغ.

(ئېھتىياجىڭغا كېتەرلىك نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئايانما. لېكىن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ زۇلۇم قىلما).

نېكىم بولسە مۇزىر، بولغىل ھەراسان،
كى بولغاي تەبئىگە مۇشكىللەر ئاسان.

(زەرەرلىك ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتىپ يۈرسەڭ، تەبىئىتىڭگە زەرەر يەتكۈزىدىغان مۇشكۇللەر ئاسان بولىدۇ).

بارچە لەززەتنى تاتدىم، ئافىيەتدىن چۇچۇكرەك شەربەت تاپمادىم.

(دۇنيادىكى ھەممە لەززەتلىك نەرسىلەرنى تېتىپ كۆردۈم، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ شېرىن نەرسە ساغلاملىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم).

ئۆزىدىن ئەلگە دەريا قەترە ئاسا،
ۋەلى ئەلدىن ئۆزىگە قەترە دەريا.

(ئۆزىدىن ئەلگە دەريادەك مەنپەئەت يەتسە ئۇنى قەترە ھېسابلاپ، ئەلدىن ئۆزىگە قەترىدەك ياخشىلىق يانسا، ئۇنى دەريادەك بىلىدىغان كىشىلەر ياخشى ئىنسانلاردۇر).

زىبۋەر كىشىگە نې تاجۇ ئەفسەر بىل،
ئول زىبۋەر ئەدەپ بىرلە ھەيا دەرخەر بىل.
ھەركىمكى ئەدەپسىزدۇر ئىشىن ئەبتەر بىل،
ئەلقىسسە، ئەرەنلەرگە ئەدەپ زىبۋەر بىل.

(ئىنسانىنىڭ زىننىتى ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن شاھلىق تاجى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئەدەپ ۋە ھايادۇر. كىمكى ئەدەپسىز بولسا ئۇ ئاقىۋەت خارلىقتا قالىدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاق بولۇپمۇ مەرت كىشىلەرنىڭ زىبۇ ـ زىننىتىدۇر).

ئەي نەۋائى، سەندەك ئەتكەن زايىئ ئەييامى شەباب،
سۇدى يوق ئەنجۇم كەبى ئەشكى نەدامەت شامى شەيب.

(ئەي نەۋائى، ياشلىق چاغلىرىنى ساڭا ئوخشاش پايدىسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر قېرىغان چېغىدا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش بىھېساپ كۆز ياشلىرىنى تۆكسىمۇ، قانچە پۇشايمانلارنى قىلسىمۇ قىلچە پايدىسى يوق).

www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى ①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

## سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگى - جېدەلنىڭ بايانى

يۈنۈسخان تارىخنىڭ سەككىز يۈز توقسان ئىككىنچى② يىلىدا ۋاپات بولدى. شۇ يىلدا سۇلتان مەھمۇدخاننى موغۇللار ئۆزىنىڭ رەسىم - قائىدىسى بويىچە خان قىلىپ كۆتۈردى. يۈنۈسخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئەتراپقا تارالدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىلار ھەر تەرەپتىن بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك ناغرىلىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىقتىدار دەسمايىسى بولغان پۈتكۈل مۇلازىملىرىنى توپلاپ، جەڭگە ئەۋەتتى. بۇلار كېلىپ تاشكەنتتىكى مۇستەھكەم قورغان بولغان ئەشتە قەلئەسىگە ئورۇنلاشتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزى كېلىپ ئۇ قەلئەنى قورشاپ شۇ قەدەر قاتتىق جەڭ قىلدىكى، موغۇللار تاكى ھازىرغىچە ئۇ جەڭنىڭ تەرىپ - تۇسىپىنى قىلىشىدۇ.

دېمەك، شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان زورلۇق بىلەن ئۇ قەلئەنى ئالدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىدىن بىرمۇ كىشى قالماي پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ قىلا - قىلا تامام بولدى. بۇ ئىشغالىيەتتىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخانغا زور كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىككىنچى قېتىم دۈشمەنلىك قىلغۇدەك كۈچى قالمىدى. ئىككىنچى يىلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى ئەمىرلىرى كۈشكۈرتۈپ: «تاشكەنتنى ئورۇنسىز ۋە سەۋەبسىزلا خانغا بەردىڭىز. قاچانكى ئۇلار شۇ يەردە تۇرىۋېرىدىغان بولسا ئۇلاردىن بىزگە كۆپ زىيان - زەخمەت يېتىدۇ» دەپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى قايىل قىلدى. بۇ ۋەقەنى ھەزرىتى ئىشان ئاڭلاپ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا كىشى ئەۋەتىپ: «بۇ ئىش مۇناسىپ كۆرۈنمەيدۇ. خان بىلەن سۇلھى قىلىشىپ ئۆتكەيلا. ئۇلاردىن سىزلەرگە تەشۋىش يەتمىسە، سىزلەر ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن تەشۋىش يەتكۈزىسىزلەر؟» دەپ ئېيتقۇزدى.

قىسقىسى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىر يۈز ئەللىك مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، تاشكەنت

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

② ھىجرىيىنىڭ 892 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1486 —— 1487 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۈستىگە كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنت مەھەللىسى ئۈستىگە چىقىپ مىرزىغا قارشى سەپ تۈزدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا بىر چوڭقۇر يار بار ئىدى. ئۇ ياردىن ئۆتۈش مۇيەسسەر بولمىدى. ئۈچ كۈنگىچە شۇ يەردە تۇردى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەشكىرى ئاستىدا شاھبېكخان بار ئىدى. ئۇ شاھ بۇداغ ئوغلانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، شاھ بۇداغ ئوغلان ئەبۇلخەيرخانىنىڭ ئوغلىدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بۇرۇچ ئوغلان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شاھبېكخان ۋە بىر نەچچە سۇلتانلار بۆلۈنۈپ چېچىلىپ كەتكەنىدى. شاھبېكخان ئۇ چاغلاردا ياش ئىدى. تارىخ كىتابلىرىدا ئۇنىڭ تولا مېھنەت ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار سەھرادا يۈرەلمەي ئىلاجىسىز ماۋەرائۇننەھرگە كېلىپ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرىگە نەۋكەر بولغانىدى. ئۇ ئەمىرنىڭ ئېتى مىرئەبدۇلئەلى ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن شاھبېكخان بۇ لەشكەر ئىچىدە مىرئەبدۇلئەلىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچ يۈز نەۋكىرى بار ئىدى. قوشۇن بۇ يەردە ئۈچ كۈن توختىدى.

شاھبېكخان بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇدخانغا كىشى ئەۋەتىپ، كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى. خان قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كېچىسى شاھبېكخان ئۇ تەرەپتىن كەلدى، خان بۇ تەرەپتىن چىقتى. ئۇلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شاھبېكخان ۋەدە ۋە شەرتنى مۇنداق بايان قىلدى: «ئەتە مىرئەبدۇلئەلى تەرىپىگە زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ بارغايلا، مەن ئۇنىڭ نەۋكىرىمەن، مەن نەۋكەرلىرىم بىلەن قېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا شىكەستە بېرىمەن».

ئەتىسى موغۇل لەشكەرلىرى تەق بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى. ئاندىن موغۇل لەشكەرلىرىنىڭ پىيادىلىرى ياردىن ئۆتتى. ئاتلىقلىرى يار ئىچىگە چۈشتى. ئۇ تەرەپتىنمۇ پىيادىلەر كېلىپ جەڭگە چۈشتى. موغۇل لەشكەرلىرى مىرئەبدۇلئەلى تەرىپىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. شۇ ئەسنادا شاھبېكخان ئۆزىنىڭ ئۈچ يۈز نەۋكىرى بىلەن قېچىپ بەردى ۋە ئۆزىنى لەشكەرنىڭ مال ـ ئەشيالىرىغا ئۇرۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا مەشغۇل بولدى. لەشكەر ئىچىدىكى ھەممە باشباشتاقلار بۇ باھانە بىلەن لەشكەرلەرنىڭ مال ـ جابدۇقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى بىراقلا مەغلۇب بولدى. كۆپىنچىسى جىلغىنىڭ سۈيىدە غەرق بولدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا شۇنداق چوڭ مەغلۇبىيەت يۈزلەندىكى، پەرىشان ۋە پاراكەندە ھالدا سەمەرقەندكە باردى ـ دە، ھەزرىتى ئىشانغا تولا ئۆزرە ـ تەقسىرلەرنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئىشان يەنە پەرمان قىلىپ، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلۈشنى ئارىغا سالدى. قاراكۆز بېگىمنى خانغا تارتۇق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نۇرغۇن ھەشەمەت ـ تەكەللۇپلاردىن كېيىن قاراكۆز بېگىمنى خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ غەلىبىدىن ئەتراپتىكى سۇلتانلارغا زىلزىلە چۈشتى. خانىنىڭ شەۋكىتى ۋە ھەيۋىتى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئورۇنلاشتى. خانغا تولۇق كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولدى.

## سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ھەمشىرىسى خۇبنىگار خانىمنى ئاتام مۇھەممەدھۇسەين مىرزا (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي)غا بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

.ئاتام مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان قەشقەردىن چىققان ۋاقتتىن باشلاپ، تاكى شۇ زامانغىچە ھەمىشە سۇلتان مۇھەممۇدخانىنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. پەقەت ئىككى يىل ئۆمەر شەيخ ھۇزۇرىدا قالغان بولسا كېرەك، بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى. سۇلتان

www.uyghurkitap.com

مەھمۇدخاننىڭ ئاتام بىلەن دوستلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئىككىيلەن ھەممىشە بىر مۆجىزە بىر ئۆيدە تۇراتتى. خاننىڭ ئوڭ تەرىپى ئاتامغا تەئەللۇق ئىدى. ئۆي ئەسۋابلىرىنى ئاتام خان بىلەن تەڭ ئىشلىتەتتى. خان ئۆزىگە ھەر نەرسە ئېلىپ كەلسە، ئاتامغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە ئېلىپ كېلەتتى. ئەگەر خان ئاتلانماقچى بولسا ئىككى ئات كەلتۈرۈلەتتى. ئۇلار بىردىن مىنەتتى. ئەگەر يېڭى كىيىم كىيمەكچى بولسا، ئوخشاشلا ئاتامغىمۇ يېڭى كىيىم ئېلىپ كېلەتتى. دېمەك، ھېچ ئىشتا پەرق تاپاۋەتى يوق ئىدى. خان قاراكۆز بېگىمنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن كۈندۈزى كۆپ ۋاقىتتا مەزكۇر ھۇجرىدا ئاتام بىلەن بىللە بولاتتى. كېچىسى خان ھەرەملىرىگە كىرەتتى، ئاتام مەزكۇر ھۇجرىدا ئىستىراھەت قىلاتتى. خان تەختكە چىقىپ ئولتۇرغاندا تەختنىڭ ئالدىغا بىر زىلچا سېلىناتتى. ئاتام زىلچا ئۈستىدە خاننىڭ تەختىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە ھەممىشە بىر - بىرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشەتتى ۋە بىر - بىرى بىلەن تەكلىپ - تەكەللۇپسىزلا كۆرۈشەتتى. خان دائىم ئاتامغا ئۆزرە ئېيتىپ: «مېنىڭ كەتخۇدالىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھەرەمگە كىرىشىمگە توغرا كېلىدۇ. سەن ھۇجرىدا قالىسەن. گويا كى قونالغۇدا قونىدىغانلارنىڭ سىياقىدا قىلىۋاتىسەن. بۇ دوستلۇق قائىدىسىگە خىلاپتۇر» دەيتتى.

مۇشۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتتى. ئاندىن كېيىن خان خۇبنىگار خانىمنى ئاتامغا نىكاھلاپ بېرىپ، ئاتامنى كۆرەگانلىق (كۈيئوغۇللۇق) دەرىجىسىگە چىقاردى. ئەمما، خۇبنىگارخانىم ياشتا سۇلتان مەھمۇدخاندىن چوڭ ئىدى. يۇنۇسخاننىڭ ئىساندۆلەت بېگىمدىن تاپقان قىزلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى. ئىساندۆلەت بېگىمدىن تۇغۇلغان قىزلىرى ئىچىدىن مېھرىنىگار① خانىمنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بەرگەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. قالغان ئەھۋالاتلىرى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر. ئۇنىڭ كىچىكى قۇتلۇقنىگار خانىم ئىدى. ئۇنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بەرگەن بولۇپ، ئۆمەر شەيخ مىرزا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر پادىشاھنى ۋە خانزادە بېگىمنى قۇتلۇقنىگار خانىمدىن تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ بايان قىلىنغۇسىدۇر. ئۈچىنچىسى خۇبنىگار خانىم بولۇپ، ئاتامغا نىكاھلاپ بەرگەنىدى، ئۇ پېقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

يۇنۇسخاننىڭ شاھ بېگىم بەدەخشىدىن تاپقان ئىككى قىزى بار ئىدى. چوڭى مېھرىنىگار② خانىم ئىدى. ئۇنى ھىساردىكى سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا بەردى. [مىرزا]خان ئۇنىڭدىن تۇغۇلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

دېمەك، خان ئاتامغا كۆپ ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ: «مەن ھەممىشە ھەرەمدە بولىمەن، سەن تاشقىرىقى ھۇجرىدا قونۇچى قاتارىدا ياتىسەن، بۇ ھەرگىز ياخشى ئەمەس، دوستلۇق قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئەمەس» دېدى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ: «توي تەييارلىقىنى قىلىڭلار!» دېدى. تۈرلۈك مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلار ۋە خىلمۇخىل ئۇلۇغ ھەشەمەت - تەكەللۇپلار بىلەن توي ئۆتكۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئىككى يىل ئۆتكەنىدى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ۋە سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولدى. بۇ كېيىن تەپسىلي بايان قىلىنغۇسى. شۇنىڭ بىلەن ئۆرەتۆپە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تەۋەلىكىگە كىردى. خان بۇ چېگرىلارنى ئاتامغا بەردى. ئاتام ئۆرەتۆپىدە ئورۇنلاشتى ۋە ئۇ ئەتراپلاردىكى چېگرىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

---

① بۇ ئىسىم نىيازى نۇسخىسىدا، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «سۇلتاننىگار خانىم» دېيىلگەن.

② بۇ ئىسىم نىيازى نۇسخىسىدا، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسى ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «سۇلتاننىگارخانىم» دېيىلگەن.

# سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تاشكەنتتە خانلىق قىلغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ زىكرى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھاياتىنىڭ خاتىمىسى ھەققىدىكى بايان

سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلھى قىلىشتىن ئىلگىرى — قاراكۆزنى نىكاھىغا ئالماستىن بۇرۇنلا تۇركىستاننى ئالدى. تۇركىستان ھاكىمى مۇھەممەدفەرىد تارخان سۇلتان ئەھمەد مىرزا قويغان ھاكىم ئىدى. ئۇنى تۇتۇپ قاماققا ئالدى. بۇ سۇلھىگە تولاراق سەۋەبكار بولغۇچى مۇھەممەدفەرىد تارخان ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەدفەرىد تارخان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاغىسى ئىدى. خان تۇركىستاننى ئالغاندا شاھىبېكخان خاننىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. خان ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە قىلغان خىزمىتىنىڭ بەدىلىگە تۇركىستاننى شاھىبېكخانغا بەردى. كىرەي ۋە جانىبېكخان قازاقنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا قەدىمدىن بېرى دوستلۇق ۋە ئاشنالىق بار ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئارىلىرىغا زىددىيەت پەيدا بولدى. ئۇلار: «شاھىبېكخان بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىدى. ئۇنى نېمە سەۋەبتىن تۇركىستاندا بىزنىڭ مۇقابىلىمىزدە قويىدۇ» دەپ ئاداۋەت تۇتتى.

قىسقىسى، بۇ كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلى سۇلتان مەھمۇد خان ئۆزبېك ۋە قازاقلار بىلەن ئىككى نۆۋەت جەڭ قىلدى. ھەر ئىككىلا جەڭدە خان يېڭىلدى. مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، يۇنۇسخاننىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرنەچچە ئەمىرلەر قالغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمىدى. بەلكى دۆلەتمەنلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك ئادەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ياخشى خەلقنىڭ دۆلەتخاھلىقى ۋە ساداقىتىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. بەلكى ھەرقانداق كىشىگە پەرۋىش قىلسا ياخشى بولىدۇ ۋە دۆلەتخاھلىق قىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق بولۇشى ناتايىن. سۇلتان مەھمۇدخانمۇ بۇ ناچار ئەقىدە بىلەن رەزىللەردىن بىرنەچچىسىگە پەرۋىش قىلغانىدى، بۇ رەزىل كىشىلەر ھەمىشە ئاشۇ قەدىمىي مۆتىۋەر ئەمىرلەر ھەققىدە بەتنىيەتلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئىرىشچانلىقلار بىلەن ئىشنى شۇ يەرگە يەتكۈزدىكى، ئەمىرلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بەش كىشى بار ئىدى، خان ئۇ بەش ئەمىرنىڭ ھەممىسىنى قەتلى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ خانىدانىنى خانىۋەيران قىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەزكۇر رەزىللەردىن بەش كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا پەرۋىش قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان شاھىبېكخان تۈپەيلىدىن ئۆزبېك ۋە قازاقلار بىلەن ئاداۋەتلىشىپ، ئىشلىرى يۈزمۇ يۈز جەڭ قىلىشقا قارار تاپتى. شۇ كۈنلەردە بۇ بەش رەزىل سەردار تۈپەيلىدىن ھەربىر جەڭدە خانغا شىكەستە يەتتى. ئالدىنقى بەش مۆتىۋەر ئەمىرنىڭ ئىرىشچانلىقلىرى بىلەن ھاسىل بولغان خاندىكى سۆلەت ۋە ھەيۋەت پۈتۈن ئەتراپى ئالەمدىكى سۇلتانلارنى ۋەھىمە ۋە تەشۋىشكە سالغانىدى، ئۇلاردىن زەررىچە ئەسەر قالمىدى.

شۇ ئەسنادا ئۆمەر شەيخ مىرزا كەپتەرخانىدىن يىقىلىپ ئۆلدى. بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ سەككىز يۈز توقسان توققۇزىنچى يىلى① ئىدى. بۇ خەۋەر سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئاڭلاندى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەندىجان موغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، تاقەتسىزلىك بىلەن جىددىي يۈرۈش قىلىپ، ئەندىجان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى مەردانىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوغلى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر پادىشاھ ئون ئىككى ياشتا ئىدى. ئۇنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى ۋە سۇلتان مەھمۇدخاندىن مەدەت تىلىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا مەرغىلان

① ھىجرىيىنىڭ 899 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1493 — 1494 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

چېگرىسىغا يەتكەندە كېسەل بولغانلىقتىن سۇلھى ياندى قىلىپ ۋە بۇ يولدا قايتقۇچە ۋاپات بولدى. قىرىق كۈندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھىساردىن كېلىپ قېرىندىشىنىڭ ئورنىدا سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇردى. ئالتە ئاي پادشاھ بولغاندىن كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلدى. [ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزا پادىشاھ بولدى.] شۇندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان [سەمەرقەند تەختىنى تەمە قىلىپ،] سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ، بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن كامىياي دېگەن جايدا جەڭ قىلىشتى. خاننىڭ ئەمىرلىرى ئاشۇ رەزىللەر ئىدى. شۇڭا مەغلۇبىيەت خان تەرەپكە يۈزلەندى. بۇ ئۇرۇش مەشھۇر جەڭلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇ جەڭنى موغۇل ئەھلى سەمەرقەندتە بىر تارىخ قىلىپتۇ.

ئەلقىسسە، خان يېڭىلىپ تاشكەنتكە كەلدى. مەزكۇر رەزىللەر ۋەسۋەسگە سېلىپ: «ئەڭ ياخشى ئىش شۇكى، شاھىبېكخانغا پەرۋىش قىلايلى. ئۇ بېرىپ سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئالسۇن. پادىشاھلىق ئىشغالىيىتى ۋە چېگرا مۇشەققىتىنى شۇ تارتسۇن. بىز تاشكەنتتە راھەت ـ پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەيلى» دەپ خاننى ماقۇل قىلدى. ئاتام خاننى بۇ ئىشتىن ھەرقانچە توسۇغان بولسىمۇ، خان ئاتامنىڭ رايىنى خاتا دەپ قارىدى. ئاتام بۇ نالايىق مەسلىھەتكە ئەمەل قىلماسلىققا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خانغا مۇتلەق ياقمىدى. خان ياردەم ۋە مەدەت بەردى، شاھىبېكخان سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئالدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر. بابىر پادىشاھنىڭ بايانلىرىمۇ بۇ ۋەقەلەر بارىسىدە پەقەت بىر مۇندەرىجىدىنلا ئىبارەتتۇر. خۇدا خالىسا ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، خاننىڭ مەدەت ۋە ياردىمى بىلەن شاھىبېكخان سەمەرقەندنى ئالدى ۋە تولۇق ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ چېرىكى ئەللىك مىڭغا يەتتى. ھەر يەردە ئۆزبېكلا بولسا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى. شۇندىن كېيىن شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قەستىگە چۈشتى. بۇ ئىشتىن خان دەرماندا بولۇپ، ھەيرانلىق بارماقلىرىنى ھەسرەت چىشلىرى بىلەن ھەرقانچە چىشلىگەن بولسىمۇ، ھېچ پايدىسى بولمىدى. شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا موغۇلىستاندا قالغان سۇلتان ئەھمەدخان خاننىڭ ئىزتىراپلىق ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، قېرىنداشلىق ياردىمىنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىلا خان شاھىبېكخان بىلەن جەڭ قىلدى. ئىككىلا خان يېڭىلىپ ئەسىر بولدى. شاھىبېكخان ئىككىلا خاننى ئەزىز ۋە مۆكەررەم بىلىپ، موغۇلىستانغا ئەۋەتتى. ئەمما موغۇل خەلقىنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان موغۇلىستانغا باردى. [سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولدى.] سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا بېرىپ، نەچچە مۇددەتكىچە مېھنەت ۋە ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. ئاخىر شاھىبېكخانغا قىلغان پەرۋىش ۋە ياردىمىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. شاھىبېكخان: «بىر نۆۋەت ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بەردىم، مېنىڭ ئەمدى يەنە ياخشىلىق قىلىشىم ئۆز دۆلىتىمنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ» دەپ سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەم ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك پەرزەنتلىرىنى خۇجەنت دەرياسىنىڭ لېۋىدە شېھىت قىلدى. ئۇنىڭ شېھىت بولغان تارىخىنى «لەبى دەريايى خۇجەند» دېگەن سۆزدىن چىقاردى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى كېيىن زىكىر قىلىنغۇسىدۇر. تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ يەردە ئىلاجىسىز قىسقا بايان قىلىندى.

## سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بايانى

سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەنتكە بارىدىغان چاغدا شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردىن بىزار بولغان بىر توپ موغۇللار سۇلتان ئەھمەدخاننى يامان يولغا باشلاپ ئاتىسىدىن ئايرىپ، موغۇلىستانغا قېچىپ بارغانىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ بایاناتى ۋە موغۇلىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر. گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، سۇلتان ئەھمەدخان ئون يىل مۇددەت ئىچىدە

موغۇلىستاننى تەلتۆكۈس بويسۇندۇردى. ئەمىرلەردىن بىر نەچچە تەبىقىنى سەلتەنەتتىن يىراقلاشتۇردى. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى ئارلاتلار بولۇپ، ئۇلار ئۇلۇغ ئەمىرلەردىن ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇلار سۇلتان ئەھمەدخانغا قارشى چىقتى. ئاخىر قانلىق جەڭلەر قىلىشىپ، خان غالىب كېلىپ ئۇلارنىڭ نەسلىنى يوق قىلدى. ئەمىر ئەلى سۇلتان چۇراس ئىسانبۇغاخانغا قارشىلىق قىلغاندىن بېرى شۇ مۇخالىپەتچىلىكى يادىدىن چىقمىغانىدى ۋە خانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قارشىلىق قىلمىغانىدى. ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا قالۇچى قوۋمى ۋە ئۇلارنىڭ سەردارلىرىدىن بولۇپ پۈتكۈل كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ بىر كېچىدە خانغا شەبىخۇن ئۇردى. ئۇ زاماندا موغۇلىستاندا ئۇلاردىن تولاراق قوۋم يوق ئىدى. ئۇلار خان ئوردىسىدىكى نەچچە كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە خاننىڭ بارگاھىنى ئوققا تۇتتى. خانغا نەچچە يەردىن زەخمە يەتتى. ئاخىر ئۇلادىن بىر كىشى بارگاھ ئىچىگە كىرىپ خاننىڭ ئىشىنى تامامىلىماقچى بولدى. خان شەمشىرىنى غىلىبىدىن چىقىرىپ ئۇ كىشىگە يۈزلەندى ۋە بىر ـ بىرىگە زەخمە ئۇردى. ئۇ كىشى تولا زەخىملىنىپ ئاخىر قاچتى. يەنە نەچچە كىشى بىرلىشىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار بارگاھ ئىچىگە كىرىپ خاننىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى كەسمەكچى بولغانىدى. شۇ ئەسنادا خاننىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن سۇتئەمگەن باھادىر يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تېز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشكەنلەر قايتا ئېتىغا مىندى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا ئۇ يالغۇز كېلىۋېتىپتۇ، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇرۇش قىلدى. ئاخىر سۇتئەمگەن باھادىرنى ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن يەنە خاننىڭ بارگاھىغا كېلىشتى. بۇ ئارىدا غەلۋە ـ غوۋغالار تولا بولدى. ھەر تەرەپتىكى خالايىق ئاتلىنىپ خاننىڭ ئوردىسىغا يۈردى. شۇندىن كېيىن قالۇچى قوۋمىگە پاراكەندىچىلىك يۈزلىنىپ ھەممىسى قاچتى. بۇ جامائەتنىڭ ھەممىسى خاننىڭ تەۋەلىرىدىن ئىدى. ھېچ كىشى ئۇلاردىن بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمايتتى. ئۇلار ئاخىر قالماقلار تەرىپىگە قاراپ قاچتى. خاننىڭ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن قاچقانلارنى قوغلاپ، ھەر يەردە بولسا ئۆلتۈرۈپ، ئىككى يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقاتتى. شۇندىن كېيىن خاننىڭ ئىشلىرى راۋاج تاپتى. موغۇلىستاندا ھېچكىمنىڭ قارشىلىق قىلىشقا ھەددى قالمىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خان نەچچە قېتىم بېرىپ قالماقلارنى چاپقۇن قىلدى. قالماقلارنىڭ تولىسىنى ئۆلتۈردى. ئىككى نۆۋەت ئىسان تايشى بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەر ئىككىلا نۆۋەتتە خان زەپەر قۇچتى. قالماقلار كۆڭلىدە خاننىڭ سىياسىتىنى مۇستەھكەم ۋە بەرقارار تۇتتى. قالماقلار سۇلتان ئەھمەدخانغا ئالاچە دەپ لەقەم قويدى. موغۇل تىلىدا «ئالاچە» دېگەن سۆز ئۆلتۈرگۈچى دېگەن بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ «ئالاچە» دېگەن سۆز خانغا لەقەم بولۇپ قالدى. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئالاچەخان دەيتتى. مىرخاند مىرزەۋىينىڭ تارىخىدا ۋە باشقا تارىخلاردا ئالاچەخان دەپ يېزىلغان.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۆزبېك، قازاقلار مەھمۇدخانغا قارشىلىق قىلدى. بۇ قارشىلىقنىڭ سەۋەبى مەھمۇدخاننىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. مەھمۇدخان ئۆزبېك، قازاق بىلەن ئىككى نۆۋەت جەڭ قىلدى. ھەر ئىككىلا نۆۋەتتە سۇلتان مەھمۇدخان يېڭىلدى. ئۆزبېك، قازاقلار سۇلتان مەھمۇدخانغا قانداق ئىشنى قىلغان بولسا، سۇلتان ئەھمەدخانمۇ ئۇلارغا شۇنداق ئىشنى قىلدى ۋە موغۇلىستاننى شۇ قەدەر چىڭ باشقۇردىكى، موغۇلىستان چېگرىسىدىن تاكى يەتتە ـ سەككىز ئايلىق يەرگىچە قالماق ۋە ئۆزبېكنىڭ كۆزى يەتمەيتتى. ئەھمەدخان موغۇلىستاندىن خاتىرىنى جەم قىلغاندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەستىدە قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

تارىختا توققۇز يۈز بەش[1] بولغاندا — پېقىر مۇشۇ يىلى تۇغۇلغان ئىدىم — خان قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، [مىرزا ئابابەكرى قەشقەر

① ھىجرىيىنىڭ 905 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1499 — 1500 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋە يېڭىسارنى ئېھتىيات بىلەن چىڭ ساقلاش ئۈچۈن زاپاس لەشكەر قويۇپ، ئۆزى يەكەنگە كەتتى.] مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمىرلىرى قەشقەر ۋە يېڭىساردا خان بىلەن نەچچە نۆۋەت جەڭ قىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن.

خۇلاسە شۇكى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا① يېڭىسارنى زورلۇق بىلەن ئالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمىرلىرى قەشقەر قەلئەسىنى تاشلاپ قاچتى. خان شۇنداق قىلىپ قەشقەر ۋە يېڭىسارنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى. قىش پەسلىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزدى ۋە ئائىلىسىنىمۇ موغۇلىستاندىن قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. قىشنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىدە يەكەنگە ـــ مىرزا ئابابەكرى تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئابابەكرى قەلئەدىن تاشقىرىغا چىقمىدى. خان يەكەن قەلئەسىگە چېقىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، يەكەن تاغلىرىغا مال غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈن باردى ۋە غەنىيمەتماللارنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ ياندى. مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرى شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ [تاغلار ئىچىدە] خاننىڭ يولىنى توسۇپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر خاننىڭ لەشكىرى پاراكەندە بولدى. شۇنداق قىلىپ خان پەرىشان ۋە چېچىلاڭغۇ ھالەتتە قەشقەرگە كەلدى. ئۇ يەردىمۇ تۇرۇشقا پۇرسەت تاپماي قەشقەردىن چىقىپ موغۇلىستانغا كەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندى، شاھىبېكخاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخاننى مەغلۇب قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. شۇڭا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قېرىنداشلىق مېھرى جۇش ئۇرۇپ ئاكىسى مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتىگە ماڭدى. چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ خان ئىسمىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى. يەنە ئىككى ئوغلى بار ئىدى، بىرى سۇلتان سەئىدخان، يەنە بىرى باباخان② ئىدى. ئۇلارنى ھەمراھ قىلىپ تاشكەنتكە باردى. سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن سۇلتان مۇھمۇدخان تاشكەنتتە ئۇچراشتـــــى. ئۇ يەردە يۈز كۆرۈشكەندە ھەر خىل تەكەللۇپلار بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە يېزىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى خان شاھىبېكخاننىڭ پېيىگە چۈشتى. ئاخىـــــر ئۇلار شاھىبېكخان بىلەن ئاخسىدە جەڭ قىلدى. خانلار مەغلۇب بولدى. ھەر ئىككىـــلا خان شاھىبېكخانغا ئەسىر بولدى. شاھىبېكخان تۇز ھەققىگە رىئايە قىلىپ، بۇ ئىككى خاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى. ئەمما، موغۇل ئۇلۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى موغۇلىستانغا بارغىلى قويمىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىلا خان يەنە موغۇلىستانغا يېنىپ باردى. شۇ يىلى قىشتا ئاقسۇغا بېرىپ ئۇ يەردە تۇردى. بۇ مەزگىلدە سۇلتان ئەھمەدخان نەچچە خىل كېسەلگە دۇچار بولدى. تېۋىپلار ئۇنى داۋالاشقا ئاجىز كەلدى. شۇ يىلى قىشنىڭ ئاخىرىدا، يەنى تارىخنىڭ توققۇز يۈز توققۇزىنچى يىلى③ سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولدى (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي).

سۇلتان ئەھمەدخان ئىنتايىن دىندار، مۇسۇلمانچىلىقى بار، شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان پادىشاھ ئىدى. كۆپىنچە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەت قانۇنى بويىـــچە يۈرگۈزەتتى. شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشتا ھېچقانداق سۇلھى ـ سالاغا يول قويمايتتى. ئۆزى ئىنتايىن غەيرەتلىك ۋە شۆھرەتلىك ئىدى. شىجائەتتە كامىل، ئەقىل ـ ئىدراكتا ساغلام، ئىنتايىن كەمتەر ئىدى. بولۇپمۇ دەرۋىش كىشىلەر، ئۆلىمالار ۋە سالاھىيەت ئىگىلىرىگە ئىنتايىن كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ بىلەن ھۆرمەت قىلاتتى. كۆپ ۋاقىتلىرى دىنىي ۋەزىپە ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بەش ۋاخ نامازنى ھەمىشە جامائەت بىلەن بىللە ئادا قىلاتتى. رەھىم ـ شەپقەتنى ئەلا بىلەتتى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە گۈزەل ئەخلاق ۋە

---

① بۇ ئىسىم نىيازى تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «سۇلتان» دېيىلگەن. پارسچە نۇسخىدا «سۇلتان ئەھمەدخان» دېيىلگەن.

② بۇ ئىسىم نىيازى تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «بوباچاق سۇلتان» دېيىلگەن، پارسچە نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «باباچاق سۇلتان» دېيىلگەن.

③ ھىجرىيىنىڭ 909 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1503 ـ 1504 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ياخشى ئىشلاردا تەڭداشسىز ئىدى. مۇبارەك ياشلىرى ئوتتۇز توققۇزغا يەتكەندى، قالغان ھەممە ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر.

## مەنسۇرخاننىڭ بايانى

مەنسۇرخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى ئىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تاشكەنتكە يۈرۈش قىلغاندا مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. تارىخنىڭ توققۇز يۈز توققۇزىنچى يىلى[1] — مەنسۇرخان شۇ كۈنلەردە ئون ئالتە ياشتا ئىدى — ئاتىسى ئەھمەدخان تاشكەنتتىن يېنىپ ئاقسۇغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. مەنسۇرخانمۇ ئاقسۇغا بېرىپ ئاتىسىنىڭ خىزمىتى شەرىپىگە ئېرىشتى. سۇلتان ئەھمەدخان شۇ كۈنلەردە ۋاپات بولدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇنى قويۇپ موغۇلىستانغا كەتتى. مەنسۇرخان ئاقسۇغا ئورۇنلاشتى. مەنسۇرخان بىلەن مىرجەبباربەردىنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت يۈز بەردى. مەنسۇرخان مىرجەبباربەردىنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى. مىرجەبباربەردىمۇ مەنسۇرخاننىڭ پىكرىنى سېزىپ قېلىپ، ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مىرزا ئابابەكرىگە ئادەم ئەۋەتىش پىكرىگە چۈشتى. شۇنداق قىلىپ مىرزا ئابابەكرىگە مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتتى. مىرزا ئابابەكرىمۇ شۇنداق بولۇش ئارزۇسىنى تەڭرىتائالادىن تىلەپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۆزى يالغۇز ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. مىرجەبباربەردى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا دوستلۇق، ھەمكارلىق ئىزھار قىلدى. بۇ خەۋەر مەنسۇرخانغا يەتكەندىن كېيىن ئاقسۇ قەلئەسىنى مەھكەم تاقاپ لەشكىرىنى ئاقسۇ قەلئەسىدە قويۇپ ئۆزى باي ۋە كۈسەن (كۈچا) تەرەپكە كەتتى. مىرجەبباربەردى مىرزا ئابابەكرىگە ئىشەنچ باغلىغانلىقتىن ئۈچ (ئۈچتۇرپان) قەلئەسىنى — بۇ جاي مىرجەبباربەردىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ۋە تەۋەلىكى ئىدى — مىرزا ئابابەكرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاندىن ئۆزى ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇغا كەلدى. جەڭگى - جېدەللەر بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئالدى. سۇلتان ئەھمەدخان يىگىرمە بەش يىل ئىچىدە يىغقان ھەممە خەزىنە ۋە مال - مۈلۈكلەرنى مىرزا ئابابەكرى تولۇق قولغا كىرگۈزدى. ئاقسۇ خەلقى ئىچىدىن موغۇل ۋە پۇقرالارنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ قەشقەرگە ماڭغۇزدى. ھەممە كىشىدىن ئىلگىرى مىرجەبباربەردى ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇشۇ تەدبىرنى كۆردى. گەرچە مىرزا ئابابەكرى كۆپ مۇبالىغىلەر بىلەن: «ئەھلى ئايالىڭ قېشىڭدا قالسۇن، ئۆزۈڭ بارىدىغان ۋاقتىڭدا بىللە ئېلىپ بارغايسەن» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما مىرجەبباربەردى: «ئائىلە ۋە بالا - چاقامنى كېيىن ئېلىپ بېرىش مۇشكۇلدۇر، ئەڭ ياخشىسى ئەھلى ئايالىم كېتىپ تۇرسۇن، مەن بىر نەچچە كۈنگىچە ئەتراپتىكى جايلارنى بۇلاپ - تالاپ لەشكىرىڭىزنى ئولجا بىلەن خۇشال قىلىپ، ئاندىن قوشۇن بىلەن خىزمىتىڭىزگە بارغايمەن» دېدى ۋە بۇ ھىيلە بىلەن مىرزا ئابابەكرىنى ئالدىدى. مىرزا ئابابەكرى مىرجەبباربەردىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئەھلى ئايالىنى ۋە پۈتكۈل خالايىقنى بىللە ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى. مىرجەبباربەردىگە ئون مىڭ لەشكەر بەردى. ئۇلار ئۇ ناھىيىدىكى ھۇجۇمدىن ئامان قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ - تالاپ، ئاندىن قەشقەرگە قايتماقچى بولدى. مىرجەبباربەردى لەشكىرىنى باي، كۈسەن ئۈستىگە باشلاپ بېرىپ، ئۇ جايلارنى بۇلاپ - تالاپ نەچچە كۈن ھايال بولدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەشقەرگە كېتىپ بولغانلىقىنى قىياس قىلغاندىن كېيىن لەشكەرلەر ئارىسىدىن قېچىپ كەتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى ئەتراپقا كۆپ زىيانلارنى سالغاندىن كېيىن پەرىشان

① ئالدىنقى ئىزاھاتقا قاراڭ.

ۋە پاراكەندە هالدا قەشقەرگە ياندى.

مىرجەبباربەردىنىڭ ئاقسۇدا پەيدا قىلغان بۇ هادىسىلىرى سەۋەبىدىن مەنسۇرخانغا كۆپ تەرتىپسىزلىك، پاتپاراقچىلىق يۈزلىنىپ، ناهايىتى ئاجىز ۋە دەرمانسىز هالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، مەنسۇرخان مىرجەبباربەردىگە قەست قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمانلار قىلدى. مىرجەبباربەردى مەنسۇرخاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سىڭلىسى ساهىبدەۋلەت بېگىم مەنسۇرخاننىڭ ئانىسى ئىدى.

مۇشۇ ئەهۋال ئەسناسىدا مىرجەبباربەردىنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. مەنسۇرخان بىرنەچچە كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، مىرجەبباربەردىگە نۇرغۇن ئۆزرە ـ خاهىشلارنى ئېيتىپ، ۋەدىلەرنى بېرىپ، مىرجەبباربەردىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ پۇقرالارغا ۋە مىرجەبباربەردىگە سۇلتان ئەهمەدخان كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغانىدى، مەنسۇرخان ئۇنىڭدىن ئىككى هەسسە ئاشۇرۇپ قىلدى.

مىرجەبباربەردى كەلگەندىن كېيىن مەنسۇرخاننىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەر تاپتى. ئۇ كۆڭلەردە بۇ قوۋمدىن پات ـ پات قارشىلىق ۋە ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تىنچىتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ناهايىتى ئۇزۇن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە تولۇق قالماپتۇ.

بۇ ئەهۋال ئەسناسىدا موغۇلىستاندا سۇلتان مەهمۇدخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلار ئارىسىدا [قارشىلىشىش] ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. ئۇنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. مەنسۇرخان موغۇلىستانغا باردى. تاغىسى مەهمۇدخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتى. مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلار بىلەن تاغىسى مەهمۇدخاننىڭ مەجلىسىدە ئۇچراشتى. ئاندىن مەنسۇرخان قايتتى. [سۇلتان مەهمۇدخان] موغۇلىستاندا تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى تاپالماي، [موغۇلىستاننىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولالماي] ماۋەرائۇننەهرگە باردى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك خوجەنت دەرياسىنىڭ لېۋىدە شېهىت بولدى.

سۇلتان مەهمۇدخاننىڭ شېهىت بولغانلىق خەۋىرى مەنسۇرخانغا ئاڭلاندى. شۇڭا قېرىنداشلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. سۇلتان سەئىدخان بىلەن خەلىل سۇلتان قىرغىزلار ۋە قالغان موغۇللار بىلەن موغۇلىستاندا ئىدى. مەنسۇرخان يېتىپ كېلىپ چارۇن چالاك[1] دېگەن جايدا سەپ تۈزۈپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر مەنسۇرخان غالىب كېلىپ، [بۇ ئىككى قېرىنداش قاچتى ۋە ئەندىجان ۋىلايىتىگە باردى. ئەندىجاننىڭ هاكىمى ئۇلاردىن] خەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈردى، سۇلتان سەئىدخان قېچىپ كابۇلغا كەتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەهۋالىمۇ شۇ جايدا بايان قىلىنىدۇ.

مەنسۇرخان موغۇلىستاندىكى بارلىق خەلقنى ــ مەيلى قىرغىز، مەيلى موغۇلدىن بولسۇن هەممىسىنى كۆچۈرۈپ چالىش [ۋە تۇرپان] تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. قىرغىزلار موغۇللارنىڭ ئىچىدىكى پىتنە ـ پاساتنىڭ باشلامچىلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى هىيلە بىلەن باشلاپ كېلىپ قىرىپ تاشلىدى، ئازراقى موغۇلىستانغا قېچىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن مەنسۇرخان قالماقلار ئۈستىگە بىرنەچچە نۆۋەت بېرىپ، هۇجۇم قىلدى. تولا چاغلاردا خان غەلىبە قىلدى.

مەنسۇرخاننىڭ ئىشلىرى تولۇق راۋاج تاپتى. ئەمما، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا پات ـ پات قارشىلىق پەيدا بولاتتى. جۈملىدىن ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ قارشىلاشتى. [مەنسۇرخان ئىككى نۆۋەت قارشىلىقنى تىنچىتتى ۋە ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ هېچنېمە دېمىدى. ئۈچىنچى قېتىم قارشىلاشقاندا] مەنسۇرخان ئۇنى تۇتۇپ ياراكا ئاتاكاغا تاپشۇرۇپ، ئۆلتۈرۈشكە هۆكۈم

---

① هازىرقى قازاقىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئالمائاتا ئوبلاستىغا قاراشلىق چارىن ۋە چىلەك رايونلىرى.

قىلدى. لېكىن، ياراكا ئاتاكا ئەمىن خاجە سۇلتاننى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ، خانغا ئۆلتۈردۈم دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ ۋەقەدىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەندى. مەنسۇرخاننىڭ يەنە بىر قېرىندىشى باباچاق سۇلتانمۇ قېچىپ باي ۋە كۇسەنگە كەلدى. باي بىلەن كۇسەننى مىرزا ئابابەكرى ۋە مىرجەبباربەردى قاتارلىقلار بۇلاپ ـ تالاپ ۋەيران قىلغانىدى. باباچاق سۇلتان كېلىپ، [خارابە هالەتتىكى] باي ۋە كۇسەن قەلئەسىنى پۇختىلاپ ئاۋات قىلدى، زىرائەت تېرىتقۇزدى. مەنسۇرخان باباچاق سۇلتاننىڭ هۇزۇرىغا كېلىپ تولا نەسىهەتلەر قىلدى. يارىشىش ۋە ئىتتىپاقلىق سۆزلىرىنى ئارىغا سالدى. باباچاق سۇلتان: «مەن سىزگە قانداق ئىشىنىمەن؟ ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ ماڭا ئوخشاشلا قېرىندىشىڭىز ئىدى، ئۇنى دۈشمەندەك كۆرۈپ ئۆلتۈردىڭىز، ئەمدى مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن» دېدى. مەنسۇرخان ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە هۆكۈم قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىــــلدى ۋە باباچاق سۇلتانغا ئېيتىدىغان هېچقانداق جاۋاب تاپالمىدى. دەل شۇ ئەسنادا ياراكا ئاتاكا ئەهۋالنى مەلۇم قىلىپ: «مەن باشباشتاقلىق بىلەن پەرمانىڭىزغا خىلاپلىق قىلىپ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى تىرىك ساقلىغانىدىم» دېدى. مەنسۇرخان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ياراكا ئاتاكانىڭ بۇ ئىشىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈردى. ئەمىن خاجە سۇلتاننى باباچاق سۇلتان قېشىغا ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن باباچاق سۇلتان مەنسۇرخانغا ئىتائەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا يارىشىش ۋە ئىتتىپاقلىق هاسىل بولدى.

شۇ ئەهۋال ئەسناسىدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ مىرزا ئابابەكرى ئۈستىدىن غەلىـــبە قىلغانلىقى ۋە قەشقەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاڭلاندى. شۇڭا باباچاق سۇلتان بىلەن ئەمىن خاجە سۇلتاننى سۇلتان سەئىدخاننىڭ هۇزۇرىغا ئەۋەتتى. باباچاق سۇلتان بىلەن مەنسۇرخان ئىككىيلەن بىر ئانىدىن ئىدى. ئەمىن خاجە سۇلتان، خەلىل سۇلتان ۋە سۇلتان سەئىدخان بىر ئانىدىن ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ناهايىتى خۇشال بولدى. بۇ ئەهۋاللار ئىككىنچـــى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاندىن خەۋپسىرەپ ۋەهىمىگە چۈشكەنىدى. چۈنكى خەلىل سۇلتان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئىدى، ئۇ مەنسۇرخاننىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزبېكنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. [سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن شىددەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەنىدى.] شۇڭا مەنسۇر خان كۆڭلىدە سۇلتان سەئىدخان ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ، دەپ جەزىم قىلىپ قورقۇنچقا چۈشكەنىدى. ئەمما، سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئاكىسى مەنسۇرخان هۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار تارىخنىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككىنچى يىلى① ئاقسۇ بىلەن كۇسەن(كۇچا)نىڭ ئارىسىدا ئۇچراشتى. سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخانغا ئىتائەت قىلدى ۋە خۇتبىنى ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ئېتىغا ئوقۇتتى. بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ ئارىسىدا يارىشىش ۋە تولۇق ئىتتىپاقلىق تۈزۈلدى. بۇ ئىككى خاننىڭ بەرىكىتىدىن يىگىرمە يىل مۇددەت ئىچىدە شۇ قەدەر پاراۋانلىق ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بولدىكى، كىشىلەر قۇمۇلدىن تاكى خىتاي ۋە ئەندىجانغىچە يالغۇز هالەتتە بېرىپ كېلەتتى، يول ئوزۇقىغا ئېهتىياج يوق ئىدى. بەلكى هەر كېچە بىر ئۆيدە مېهمان بولاتتى. پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرى بۇ ئىككى خاننىڭ ئادالەتلىك ۋۇجۇدىنى ياخشىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىپ نېسىپ قىلغاي ۋە ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزگەي، پۈتكۈل ئالەمنىـــڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىنىڭ، مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابــئاتلىـــرى هەم ئۇلۇغ ساهابىلىرىنىڭ هەققى ـ هۆرمىتىدىن ئامىن.

بۇ يىگىرمە يىل مۇددەت ئىچىدە مەنسۇر خان نەچچە قېتىم خىتاي ئۈستىگە غازاتقا

① هىجرىيىنىڭ 912 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1506 ـ 1507 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



باردى. ھەر قېتىمدا مەنسۇرخان نۇسرەت قازىنىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى. شۇ غازاتتا مىر جەبباربەردى شېھىت بولدى. خاجە تاجىددىنمۇ شېھىت بولدى. خاجە تاجىددىن مۇھەممەد بولسا كۇسەن (كۇچا) خوجىلىرىدىن بولۇپ، ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. كىتابنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، موغۇللار ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ قوللىرىدا ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغانىدى. خاجە تاجىددىن مۇھەممەد مەۋلانا ئەلى غەرران تۇسى (تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي) ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. ئەۋلىيالار پېشىۋاسى ھەزرىتى مەۋلانا خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللاھ (سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغانىدى ۋە ئۇ زاتنىڭ مېھرىلىك نەزەرلىرىدىن بەھرىمەن بولغانىدى.

پېقىر ھەزرىتى تاجىددىننىڭ ئۆز تىلىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كۈنى ھەزرىتى خاجە ئەھرار (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ سۆھبەتلىرىدە ئىدىم، ھەزرىتى ئىشان: ‹شۈبھىلىك تائامدىن پەرھىز قىلماق كېرەك› دېدى. مەجلىستە ھازىر بولغانلارغا نەزەر سالدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋادار، پەرھىزكار ئىدى. مېنىڭدىن باشقا بىپەرھىز كىشى يوق ئىدى. دېمەك، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمدە ھەرقانداق تائام بولسا، ئۇنىڭ ھالال غىزا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم بولمىسا ھەرگىز يېمەيمەن، دەپ نىيەت قىلغانىدىم، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، سىلەرنىڭ تائاملىرىڭلارنى يېيەلمەيمەن».

دېمەك، خاجە تاجىددىن ئىنتايىن تەقۋادار ۋە پەرھىزكار زات ئىدى. ئەللىك يىل مۇددەت ئىچىدە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ۋە مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىدا بولدى. خانلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ مۇرىتلىرى قاتارىغا قويۇپ، ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئەللىك يىل جەريانىدا خانلارنىڭمۇ، شاھزادىلەرنىڭمۇ، ئەمىر ۋە سىپاھلارنىڭمۇ، پۇقرالارنىڭمۇ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭمۇ نەزىر ۋە ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلماي كەلگەنىدى ۋە ئالمايتتى. ئۇ زات ئۆزى تىجارەت ۋە زىرائەت قىلىپ، ھايات كەچۈرەتتى. پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۇ زاتنىڭ مال ـ دۇنيالىرىغا غايىبتىن شۇنداق بەرىكەت بەرگەنىدىكى، تولىدىن تولا مال ـ دۇنيا توپلىغانىكەن. ئۇ زات ھەر يىلى خانلارغا ۋە ئەمىرلەرگە نۇرغۇن مىقداردا ئادىمبگەرچىلىك ۋە زىياپەتلەرنى قىلىدىكەن. پېقىرلار، يوقسۇللار، مىسكىن، ئاجىز پۇقرالار، شۇنداقلا ئۇ زاتنىڭ دېھقانلىرى، تىجارەتچىلىرى، كاسىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ زاتنىڭ ماللىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ مەنپەئەت ئالاتتى. بۇ جەھەتتىن ئۇلارغا ھېچ كىشىنىڭ ئىنكارى يوق ئىدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇ زاتنىڭ ئالدىلىرىدا ھەل بولاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن زېرەك، پەزىلەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك، ساخاۋەتلىك ۋە ھىممەتلىك زات ئىدى. خىتاي غازىتىدا مەنسۇرخاننىڭ كۆز ئالدىدا شېھىت بولدى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي).

مەنسۇرخان خىتاي غازىتىدىن قولى بوشىغاندىن كېيىن موغۇلىستاننىڭ ئارىش[1] دېگەن يېرىدە ئۆزبېك ۋە قازاق بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ قېتىمدا مەنسۇرخان يېڭىلىپ قالدى. بەگچەك تەبىقىسىدىن سۇفى مىرزا بولسا سەلتەنەت تايانچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇ زات شۇ جەڭدە قازا تاپتى. ئاندىن كېيىن [مەنسۇرخان] چالىش ۋە تۇرپاندىن كەمرەك ھەرىكەت قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسۇرخان ئاقسۇغا ئىككى قېتىم كەلدى. لېكىن ھېچ ئىش قىلالماي ياندى. تارىخنىڭ توققۇز يۈز ئەللىك ئىككىنچى يىلىدا[2] ۋاپات بولدى (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى روشەن قىلغاي)، ياشلىرى ئاتمىش بەشتە ئىدى. چاغاتاي نەسەبىدىن بولغان خانلار ئارىسىدا يۇنۇسخاندىن كېيىن ھېچقايسى خان بۇ ياشقىچە

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئەرتىش» دېيىلگەن، قالغان نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

② ھىجرىيىنىڭ 952 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1543 —— 1544 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ياشىيالمىغانىدى. تارىخنىڭ توققۇز يۈز يەتتىنچى يىلىدا[1] ئون ئالتە يېشىدا خان بولغانىدى. قىرىق ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلدى. شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت بۇ تۇراقسىز دۆلەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. موغۇل خانلىرىدىن ھېچ كىشىگە مۇنداق ئۇزۇن دۆلەت تۇتۇش نېسىپ بولمىغانىدى. مەنسۇرخاننىڭ ھاياتى باشتىن ئاخىرغىچە خەيرلىك ئىشلار ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. پەرىز نامازلاردىن باشقا ۋاقىتلىرىنى قۇرئان تىلاۋەتكە سەرپ قىلاتتى.

يېقىر مەنسۇرخاننىڭ يېقىنلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى: «خان ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋاقتىدىن بەشتىن بىر ھەسسىسىدە پادىشاھلىق ئىشىنى قىلاتتى. قالغان تۆت ھەسسىسىنى ناماز ۋە قۇرئان تىلاۋەتكە، شۇنداقلا دەۋا ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلاتتى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش جەھەتتە شاھلار ئارىسىدا بولسۇن ياكى تەرىقەت ئەھلى ئارىسىدا بولسۇن مەنسۇرخانغا تەڭ تۇرىدىغانلار ناھايىتى كەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۆمۈر ۋە دۇنيا دۆلىتىگە ئېرىشتى. خانلار ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كۆپىنچىلىرى ئۇ ئېرىشكەن ئۆمۈر شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۈمىدىم شۇكى، پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى كۈنلىرىنىمۇ بۇ دۇنيادىكىدەك ئاۋات قىلغاي. ئەي ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئامىن!

مەنسۇرخان ئىلىم - ھېكمەتتە، ئەقىل - ئىدراك ۋە تەدبىردە، جاھان تۇتۇش قائىدىسى، لەشكەر باشقۇرۇش چارىلىرى ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىدا ئىنتايىن دانا ئىدى. ئۇنىڭ خۇي - مىجەزىدە پادىشاھلىق ھەشەمەتلىرى، خانلىق سالاپىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا مايىللىق يوق ئىدى. بەلكى تەكەللۇپسىز، ئەركىن - ئازادە بولۇشقا تىرىشاتتى. ئۆزىنى باشقا خالايىقتىن ھېچقانداق ئىشتا ئايرىم تۇتمايتتى.

مەنسۇرخاننىڭ دەۋرىدە بىر ھاپىز بار ئىدى، خۇش ئاۋازدا قىرائەت قىلىدىغان قارىي ئىدى. چېگرا ئىچىدە ھېچكىم قۇرئاننىڭ قائىدىلىرى ۋە قىرائەت ئىلمىنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىلمەيتتى. [كىشىلەر ھافىز مەگەس (پاشا) سەگ (ئىت) دەپ ئاتىشاتتى. ]ئەمما، ئۇنىڭ مىجەزى شۇ قەدەر تۇراقسىز ۋە دىيانەتسىز ئىدىكى، ئۇنىڭ يامان سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشقا كىشى خىجالەت بولىدۇ. مەنسۇرخان ئۇنىڭدىن قۇرئان قائىدىلىرى ۋە قىرائەت ئىلمىنى تەلىم [ئېلىپ، قۇرئاننى يادقا] ئالاتتى. بەزى ۋەزىرلەر مەنسۇرخاننى خىلۋەت جايغا چاقىرىپ: «بۇ ھاپىز [مەگەس] قارىينىڭ مىجەزى بەكمۇ بىنورمال كىشىدۇر، خۇسۇسەن يېقىنقى كۈنلەردە ئۇنى كالا بىلەن بىللە تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ، قىرائەت ئىلمى ئۆگىنىش خاننىڭ شەنىگە مۇناسىپ ئەمەس» دەپ ئەرز قىلىشىپتۇ. خان ئۇلارغا: «مەن ئۇنىڭدىن كەلامۇللاھ (ئاللانىڭ سۆزلىرى) نى ئۆگىنىمەن، قىرائەت ئىلمىنى تەلىم ئالىمەن. مەن ئۇنىڭدىن بىنورماللىقنى، خىيانەتنى [ۋە كالىنىڭ سۈپەتلىرىنى] ئۆگەنمەيدىغان تۇرسام، ئۇنىڭ بىنورماللىقىنىڭ ماڭا نېمە زىيىنى بولسۇن» دەپتۇ.

دېمەك، مەنسۇرخان دىيانەتلىك ۋە پاك ئېتىقادلىق پادىشاھ ئىدى. پۈتكۈل ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارغا ۋە تائەت ئىبادەتكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل قالدى. بىرىنىڭ ئېتى شاھخان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئىسكەندەر سۇلتان[2] ئىدى، بىر قىزىنى سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئابدۇررەشىدخانغا ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇ ئەھۋاللار ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

---

① ھىجرىيىنىڭ 907 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1501 —— 1502 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ ئىسىم نىيازى تەرجىمىسىدە يوقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىدا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «مۇھەممەد سۇلتان» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ①

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇۋاھاپ قادىر

نەدىرمۇھەممەدنىڭ ئىمام رىزاغا بولغان نەسەب باغلىنىشى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: ئەبدۇلمۇئمىن مەشھەدنى ئالغان ۋاقىتتا ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىن قىلىشقا پەرمان بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئىمام رىزا ئەۋلادلىرىنىڭ رەئىسى بولغان ئەبۇ تالىب كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن دىنمۇھەممەدكە مۇراجىئەت قىلىپ، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھىم ـ شەپقەت كۆرسىتىشنى ئۆتۈنگەن ۋە ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان. شۇ ۋاقىتتا دىنمۇھەممەد ئۇنىڭ خانىسىدا مېھمان بولغان ھەم شەيخنىڭ قىزى زۇھرابانۇ بېگىمنى① نىكاھىغا ئالغان. بۇ نىكاھتىن كېيىن نەدىرمۇھەممەد دۇنياغا كەلگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ نەسەبى جەھەتتىن سەيىد، ھەتتا ئۇلۇۋۋى (ئالىي) نەسەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىر ئالىي نەسىلگە ئۇلىنىش دىيانەتپەرۋەر ئاسىيالىقلارنىڭ نەزەرىدە بۈيۈك بىر پەزىلەت سانىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نەدىرمۇھەممەدتە بۇنداق بۈيۈك بىر سالاھىيەتنىڭ بولۇشى ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى سەممىيەتكە ئەسلا توسالغۇ بولمىدى. بۇ سەممىيەتنىڭ قايسى دەرىجىلەرگە يەتكەنلىكى ئىمامقۇلىنىڭ نەدىرمۇھەممەد تەرىپىدىن بەلختە قارشى ئېلىنىش ۋەقەسىدە كۆرۈلدى.

شاھجاھاننىڭ بەلخ ئۈستىگە قىلغان تاجاۋۇزىنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىمامقۇلى ئەسكەرلىرى بىلەن بەلخكە كەلگەن ۋاقىتدا نەدىرمۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بىلەن شەھەردىن يىرىم مىل مۇساپىغىچە پىيادە يۈرۈپ، ئۇنى قارشى ئېلىشقا باردى. ئىمامقۇلى: «سەن سەيىدسەن، پىيادە يۈرۈش سېنىڭ شەنىڭگە مۇناسىپ ئەمەستۇر» دېگەن بولسىمۇ، نەدىرمۇھەممەدنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارىغا قۇللۇق بىلدۈرۈشى ۋە ئىتائەتچانلىقى چەكسىز ئىدى. ھەتتا بەلختە ماۋەرائۇننەھرنىڭ بارلىق بۈيۈك مەمۇرلىرى يىغىلغان بىر زاماندا نەدىرمۇھەممەد ئىمامقۇلىغا ئادەت بويىچە توققۇز ھەدىيەنى تەقدىم قىلىشقا پەرمان قىلدى ۋە توققۇزىنچى قىلىپ سەككىز قۇلغا② ئۆزىنىمۇ قوشۇپ ھەدىيە قىلدى.

ئىمامقۇلى بۇخاراغا قايتقاندىن كېيىن، يەنە كۆپ يىللارغىچە سۇلھى ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشىدى. ئۇنىڭ سەلتەنەت زامانىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھېراتتىكى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بايقارا دەۋرىگە ئوخشىتىپ تەرىپلىشىدۇ. دېمەك، ھىجرىيىنىڭ 1050 (مىلادىيە 1640) ـ يىلىدا ئۇ كېسەلگە دۇچار بولدى ۋە دىيانەتپەرۋەر مۇسۇلمان سۈپىتى بىلەن ئۆمرىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى پاك زىيارەتگاھ بولغان ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىدە③ تامام قىلىشنى ئىستىگەنلىكى ئۈچۈن، بەلختىن قېرىندىشىنى چاقىرتتى. تاج ۋە تەختىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ئۆزى

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ھەجگە كېتىشنى قارار قىلدى.

ئۇ كەتمەكچى بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ھەپتە بۇخارادا تۇرۇپ قالدى ۋە بىر جۈمە كۈنى مەسچىتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرىنچى قېتىم نەدىرمۇھەممەدنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلغان ۋاقىتىدا پۈتۈن جامائەت تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ تېزدىن ئۆزىنىڭ پايتەختىنى، ئۆزىنىڭ مەملىكىتىنى ھەم سۆيگەن ۋە ھەقىقەتەن بەختىيار قىلغان خەلقىنى تاشلاپ ئىران ئارقىلىق مەككىگە سەپەر قىلدى. سەپەر ۋاقتىدا ئىران ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن شاھانە بىر ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىندى. مەدىنىدىمۇ ئۇنىڭ تەسىس قىلغان خەيرلىك ئىمارەتلىرىدىن ئومۇمىي باغچا ۋە ھامماملار ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئاتمىش ئىككى يېشىدا ۋاپات بولدى. ئىمامقۇلى تېخى سالامەت تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ مۇبارەك شەھىرىدە خەيرلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتلاردىلا ئۇنىڭ سەلتەنەت زامانىدا ھاسىل بولغان تىنچلىق بۇزۇلۇپ، سۇلھى ئورنىغا ئىختىلاپ، جەڭگى - جېدەل ھەم قېرىنداشلار ئارىسىدا بولغان قانلىق ماجىرالار ئورۇن ئالدى. نەدىرمۇھەممەد ھىجرىيە 1052 (مىلادىيە 1642) - يىلىدا تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ۋارىسى بولغانلىقىنى، لېكىن ئۆز قېرىنداشنىڭ دەرىجىسىدە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى سېزىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مەردانىلىك بىلەن خەلقىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ غايەت ئۇلۇغ بىر ئىقتىسادنىڭ ئىگىسى بولۇپ، شەيبانىيلار، ئاشتەرخانىيلار ئارىسىدا ئەڭ باي بىر شاھزادە ھېسابلىناتتى. ئۆزىنىڭ خەزىنىلىرىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئالتە يۈز قاتار ④ تۆگىنى ئىشقا سالغانىدى. نەدىرمۇھەممەدنىڭ نۇرغۇن ئات فېرمىلىرى بولغان. بۇلاردىن باشقا يالغۇز ئۆزىنىڭ ئاتخانىسىدا سەككىز مىڭ ئات بولغان. ئۇنىڭ يەنە سەكسەن مىڭ قويى بولۇپ، كۆك قوزىلارنى يېتىشتۈرەتتى. تۆت يۈز ساندۇقتا لىق تولغان قىممەتلىك ئەشيالىرى ۋە فرانسوز لىباسلىرى بار ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ تەسىرى ئاز كۆرۈلگەن.

خىۋە ھۆكۈمدارى ئىسپەندىيارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ مەملىكەتنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئامۇ ئۆلكىسىدىكى تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئۇنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا تېز ئارىدا مەملىكەتنىڭ شىمال تەرىپىدە باقىيۇز ناملىق بىر كىشى تەرىپىدىن دۈشمەنلىك بايرىقى كۆتۈرۈلدى. بۇ دۈشمەنلىكنى باستۇرۇش ئۈچۈن نەدىرمۇھەممەد شۇ ۋىلايەتكە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبدۇلئەزىزنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ يەردىكى دۈشمەنلەر تەرىپىگە قوشۇلۇپ، ئاتىسى ئورنىغا ئۆزىنى ھۆكۈمدار سايلاشقا ئۇلاردىن ياردەم تىلىدى.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ نەپرەتلىك ھەرىكىتىنى، شۇنداقلا ئەسكەرلىرى بىلەن بۇخاراغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئىشىتكەن ۋاقىتتا نەدىرمۇھەممەد قارشى دېگەن جايدا ئىدى. ئوغلىنىڭ جاسارىتىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھېچبولمىسا مەملىكەتنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ تەرەپتىكى قىسمىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەملىكەتنى پەقەت بەش يىل ئىدارە قىلغاندىن كېيىن بەلخكە چېكىنىپ ئاھالە تەرىپىدىن ياخشى كۈتۈۋېلىندى ۋە مەملىكەتنى ئۆزىگە سادىق بولغان ئوغۇللىرى ئارىسىدا مۇنداق تەقسىم قىلدى: خۇسرەۋ سۇلتانغا غور ۋىلايىتى، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم سۇلتانغا مەيمەنە بىلەن ئەنداخۇي بېرىلدى. بەھرام سۇلتان كۇلەبكە تەيىنلەندى. سۇبھانقۇلى سالچارىيەك (ھازىرقى كۈندە ئامۇ ئارقىلىق چىقىدىغان خاجە سالى) كە، قۇتلۇق سۇلتان قۇندۇزغا تەيىنلەندى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەبدۇلئەزىزخان تەختكە ئولتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ جىنايەتكارانە ھەرىكىتى بىلەن قانائەت قىلماستىن،

قېرىنداشلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئىستىبداتلىرى بولغان بىرىنى جىنايىتىگە شېرىك قىلىش سۈپىتى بىلەن ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىش يولىغا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىسىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنى گويا پۇشايمان قىلغاندەك ھالەتتە كۆرسەتتى ۋە جىنايەتكارانە ھەرىكىتى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈندى [5]، بۇ توغرىدا تېخىمۇ ياخشى ئىزاھات بېرىپ ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇخاراغا قېرىندىشى قۇتلۇق سۇلتاننى ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

نەدىرمۇھەممەد ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى. لېكىن، قۇتلۇق سۇلتان بۇخاراغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئەبدۇلئەزىز ئۇنىمۇ غەلىيانغا شېرىك قىلىپ چىقاردى. ئەمدى نەدىرمۇھەممەد قۇتلۇق سۇلتان يېنىغا سۇبھانقۇلىنى ئەۋەتتى ۋە ئەگەر قېرىندىشىنى ئىسيان قىلىش پىكرىدىن ۋاز كېچىشكە كۆندۈرەلىسە قەلئە خانلىقى (كىرورپوس قوماندانلىقى) دەرىجىسى بىلەن مۇكاپات بېرىشكە ۋەدە قىلدى. قۇتلۇق سۇلتاننىڭ جەڭ تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوندۇز قەلئەسى ئىچىگە كىرىپ بېكىندى. سۇبھانقۇلى ئۇنى مۇھاسىرە قىلىپ ئىشغال قىلدى ۋە ئىسياننى تەلتۆكۈس باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاتىسىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. نەدىرمۇھەممەد سۇبھانقۇلىغا: «مەن سېنى قېرىندىشىڭنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئەدەپلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدىم» دەپ كايىدى، شۇنداقلا ۋەدە قىلىنغان مۇكاپات بېرىش كېچىكتۈرۈلگەنلىكتىن، ئاخىر ئۈچىنچى ئوغلى سۇبھانقۇلىمۇ ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

ئىتائەتسىز ئوغۇللىرى بىلەن ئىككى ئارىدا ھەر دائىم داۋام قىلىۋاتقان جەڭگى ـ جېدەللەردىن ئاجىزلاشقان، ئۆزبېكلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكى سەۋەبىدىن مەيۈسلۈككە چۆككەن بەختسىز نەدىرمۇھەممەدخان ياردەم سوراپ ھىندى ھۆكۈمدارى شاھجاھانغا مۇراجىئەت قىلدى. لېكىن، جاھانگىرنىڭ بۇ مەنسەپپەرەس ئوغلى ئۆزىنىڭ ھېرىسمەنلىك كۆزلىرىنى كۆپتىن بېرى بەلخكە تىكىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلىقتىن، بۇ ئىشنىڭ نىجاتلىق ئورنىغا پۈتۈنلەي ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن نەدىرمۇھەممەد خەۋەرسىز ئىدى. يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسەتتى. شاھجاھاننىڭ ئەۋرەڭزىب ھەم مۇرادبەخش ئاتلىق ئىككى ئوغلى كىلىتلىق ئەسكەرلەر بىلەن كەلدى. ئۇلارغا قارشى تۇرغان خۇسرەۋ سۇلتان ئەسىرگە چۈشتى ۋە ھىندىستانغا ئەۋەتىلدى. نەدىرمۇھەممەد بولسا ئۆزلىرى ياردەم سورىغان ئادەملىرى-نىڭ يامان مەقسەتلىرىنى ئۇلار بەلخ يېنىغا كېلىپ يەتكەندىن كېيىنلا بىلگەنلىكتىن، ھاياتى ئۈچۈن چوڭ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ يۈزلەنگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇنداقلا ئۆزبېكلەرنىڭ يامان مۇئامىلىلىرىدىن رەنجىپ، شىبۇرغان ۋە مەرۋى ئارقىلىق ئىرانغا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ يەردە ئۇ بۈيۈك شاھ ئەبباسنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولغان ئىككىنچى ئەبباسنىڭ ھوزۇرىدا ياخشى قوبۇل قىلىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ۋەقەلەرگە قارىغاندا، نەدىرمۇھەممەد بۇ ئۈمىدىدە ئالدانمىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئىسپاھانغا يېقىنلاشقانلىقى مەلۇم بولۇش بىلەنلا ئىككىنچى ئەبباس ئۇنىڭ يول سەرپىياتى ئۈچۈن مىڭ ئالتۇن ئەۋەتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ پايتەختىگە تەكلىپ قىلدى. يولدا ھەر جايغا كەلسە ئۇنىڭغا شاھانە ئېھتىراملار كۆرسىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئىسپاھان دەرۋازىسىدىن ئۈچ مىل مۇساپىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئەسكەر ۋە ساقچىلار قويۇلدى. بۇ مۆھتەرەم مۇساپىرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شاھ ئەبباس شەخسەن ئۆزى پۈتۈن كاتتا مەمۇرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەردىن ئىككى سائەتلىك يولغىچە ئىستىقبالغا باردى. ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى [6] ۋە ئۇنىڭ يول زەخمەتلىرى بىلەن چارچىغان

www.uyghurkitap.com

ئېتىنىڭ ئورنىغا غايەت ئەلا بىر ئاتنى تەقدىم قىلدى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شەرىپىگە ياسالغان بايراملار، شەھەردىكى زىبۇ - زىننەت ۋە داغدۇغىلارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى.

نەدىرمۇھەممەد ئىككى يېرىم يىلغا قەدەر ئىراندا تۇرغاندىن كېيىن شاھ ئەبباس ئۇنى كېلەچەكتە بەختىيار قىلىش نىيىتى بىلەن ياردەمگە ئەسكەر بېرىپ، ئۆز مەملىكىتىگە يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بەلخنى ئېلىشىغا ياردەم قىلدى. لېكىن، بۇ تەرەپلەر ھىندىستانلىقلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغانلىقى ھەم ئەبدۇلئەزىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان جەڭگى - جېدەللىرى تۈپەيلىدىن شۇ دەرىجىدە ۋەيران ۋە پاراكەندە بىر ھالغا كەلتۈرۈلگەنىدىكى، نەدىرمۇھەممەد ئۇ يەردە بىر چۆللۈكتىن باشقا نەرسە كۆرەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا بەلختە شۇ قەدەر ئاچارچىلىق بولدىكى، بىر ئېشەك يۈكى ئۇننىڭ باھاسى مىڭ روپىيەگە چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىجرىيە 1060 (مىلادىيە 1650) - يىلنىڭ قىش مەۋسۇمىدە شۇ قەدەر قاتتىق سوغۇق بولدىكى، شۇ ۋاقىتلارغا قەدەر بۇنداق سوغۇق كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۆزبېك ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قوغلىنىپ قايتقان ھىندىستانلىقلار بۇ ئاچلىق بىلەن سوغۇقتىن، پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراپ، مىڭلارچە ئادەم تاغ ئارىلىرىدا قېتىپ قالدى. شۇندىن بىر يىل كېيىن ھىندىستانغا ۋەقەنىگار (ۋەقەلەرگە قاراپ ماڭغۇچى مەخپىي ئەمەلدار) سۈپىتى بىلەن بارغان «تارىخى مۇقىمخانىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى يول بويىدا ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ ياتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھەر تەرەپتىن ھۆكۈم سۈرگەن بالا - قازا ۋە پالاكەتلەردىن باشقا نەدىرمۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپرەك نەپرەت ۋە ئۇچۇق دۈشمەنلىكنى كۆردى. بەلخ ئاھالىسى كۆپ زامانلارغىچە ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇردى.

لېكىن، بەك ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان جېدەل ۋە ئىختىلاپلاردىن ئۇلارمۇ چارچىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەبدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ قېرىندىشى سۇبھانقۇلىنى زور بىر توپ ئەسكەر بىلەن ئاتىسىغا قارشى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا ئاھالىنىڭ ھەممىسى بۇخارا ھۆكۈمدارى ئەبدۇلئەزىز تەرىپىگە قوشۇلدى. ئاخىر نەدىرمۇھەممەد مەيداننى ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرۇپ، كېيىنكى كۈنلىرىنى تىنچلىقتا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن سۈلھى قىلىپ ھەم ئۇلارغا ياخشى دۇئا بېرىپ كېتىشنى تىلىگەنىدى، لېكىن سۇبھانقۇلى ئۇنىڭ بۇ ئاتىلىق ھېسسىياتىنى رەت قىلدى. شۇڭا نەدىرمۇھەممەد ئۆزىنىڭ چۈشكۈن روھى ۋە سۇنۇق قەلبى بىلەن دىنىي ساياھىتىگە قاراپ يۈزلەندى. لېكىن، تەلەي ئۇنىڭغا قېرىندىشى ئىمامقۇلى دەرىجىسىدە كۈلۈپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇ يولدا سىمناندا ۋاپات بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ جەسىتىلا ئەرەبىستان تۇپرىقىغا ئېرىشەلىدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ماۋەرائۇننەھرگە يەتكەندە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى گوياكى ئۆزلىرىنىڭ دائىمىي بىر نەپرەتلىك رەقىبلىرىنى ئەمەس، بەلكى غايەت سەممىمىي رەۋىشتە سۆيگەن ئاتىلىرىنى يوقاتقان كىشىلەرگە ئوخشاش ئومۇمىي ماتەم ئېلان قىلىشتى. ئۇنىڭ روھىغا سەدىقە ۋە خەيراتلار تارقىتىشتى. شۇنداقلا قارىيلارغا كېچە - كۈندۈز قۇرئان ئوقۇشقا پەرمان بېرىشتى.

نەدىرمۇھەممەدنىڭ ۋاپاتى بىلەن ماۋەرائۇننەھردە تېزدىن تىنچلىق ھاسىل بولمىدى. ئەبدۇلئەزىز سۇبھانقۇلىنىڭ ئۆزىگە بولغان رىقابىتىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن بەلخنى ئېلىشنى لايىق تاپتى. شۇنداقلا قانۇن بويىچە تەيىنلەنگەن ماتەم مۇددىتى توشماستىنلا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشى قاسىممۇھەممەد سۇلتاننى ئەسكەرلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئەۋەتتى. لېكىن، سۇبھانقۇلى بىلەن ھېسابلاشماق ئۇ قەدەر ئاسان ئەمەس

ئىدى. خۇسۇسەن بۇ ئىش شائىرانە تەبىئەتكە ئىگە بولغان قاسىممۇھەممەد سۇلتاندەك بىر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن مۇددەتلەر داۋام قىلغان نەتىجىسىز مۇھاسىرىدىن كېيىن قاسىممۇھەممەد سۇلتان ھىسارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سۇبھانقۇلى تەختكە شەرىئەت بويىچە بىر ۋارىسنى ئېلان قىلىش شەرتى بىلەن ئىككى ئارىدا سۈلھى تۈزۈلدى. قاسىم بىلەن سۇبھانقۇلى ئارىسىدا دوستانە بېرىپ - كېلىش ئۈزۈلمەستىن داۋام قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. بىر ۋاقىتتا سۇبھانقۇلى تەرىپىدىن قاسىم تەرەپكە كەلگەن ئەلچىلەردىن بىرى مەخپىي بىر سۆزنى سۆزلەش باھانىسى بىلەن قاسىمنى چەتتىكى ئۆيلەردىن بىرسىگە باشلاپ كىرىپ ئۆلتۈردى. ئاشتەرخانىيلارنىڭ تارىخچىسىنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، قاسىمنىڭ بۇنداق ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ ئائىلىگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ مۇنەۋۋەر بىر شاھزادە يوقالغانىدى. ئۇنىڭ تۈركىي ۋە پارس تىللىرىدا يازغان مىڭ مىسرادىن ئارتۇق دىۋانى قالدى. ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدىكىگە ئوخشاشلا نەسىردىمۇ ماھىر ئىدى.

سۇبھانقۇلى خېلى كۈچلۈك بولغان بۇ رەقىبىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئەبدۇلئەزىز بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋام قىلدى. ھەتتا ئەبدۇلئەزىز خارەزم بىلەن جەڭ قىلغاندا، شۇنداقلا ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۆزبېكلەر بۇخارانىڭ غەربىگە جىددىي تەھدىد سېلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا سۇبھانقۇلىخان ئەبدۇلئەزىزگە ياردەم قىلدى.

بۇ ۋاقىتلاردا خارەزمدە ئەبۇلغازى باھادىرخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ زاتنىڭ كۆپ ئىشلىرى كىشىگە زەھىرىدىن مۇھەممەد بابىرنى ئەسلىتىدۇ. خىۋە خانلىقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، جاھان بولسا ئۇنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تارىخ ئەسىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتداردۇر.

ئەبۇلغازى باھادىرخان ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ بوۋىلىرىغا ۋەھشىيانە مۇئامىلە قىلغان ئەبدۇللاخانغا پۈتۈن روھى بىلەن دۈشمەن بولۇپ، خارەزمدىكى ئەجنەبىي ھۆكۈمدارلارنى يوقىتىشنى ھەمدە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى بۇخارالىقلارنى ئۇ يەردىن قوغلاشنى ناھايىتى كىچىك يېشىدىلا ئۆزىگە بىر ئالىي مەقسەت ھەم يالغۇز ئۆزىگىلا ئائىت بىر ئىش قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭ تارىخىدا بايان قىلىنغىنى بويىچە ھىجرىيە 1054 (مىلادىيە 1646) - يىلىدا قاسىممۇھەممەد سۇلتان خىۋەنىڭ نائىبلىق مەنسىپىدىن ئېلىنىش بىلەنلا ئۇ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى بەزىدە خىۋەنىڭ ئىچىدىكى تۈركمەنلەرگە، بەزىدە بولسا قالماقلارنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇخاراغا قارشى تاجاۋۇزى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئەبدۇلئەزىزخان بىلەن جەڭ باشلىغان سۇبھانقۇلىخاننىڭ ياردەم سوراپ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغىنىدىن كېيىن باشلاندى.

گەرچە ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا تېزدىن سۈلھى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، بۇخارا مەملىكىتىگە ئائىت بولغان كۆك يۇرتلۇق[7]قا بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلغان ئەبۇلغازى ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئىنتىقامىدىن ۋاز كېچەلمىدى. تاكى قارا كۆلگە قەدەر تاجاۋۇز قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى يىلىدا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، كەرمىنەگە قەدەر كەلدى. ئەبدۇلئەزىز ئۇنىڭغا يىگىرمە مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلدى.

لېكىن، ئەبۇلغازى ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ، مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى ئەنۇشخاننىڭ قەھرىمانلىقى سايىسىدە قۇتۇلۇپ قالمىغان بولسا، ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. بۇخارالىقلار بۈيۈك مەغلۇبىيەتكە دۇچار

بولدى. ئەبدۇلئەزىز يارىلىنىپ، ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئۈزۈپ ئۆتۈپ قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەبۇلغازى خىۋەگە ئەسىرلەر ۋە قىممەتلىك ئەشيالار بىلەن قايتتى. لېكىن، ئىنتىقام ھېسسىياتى بۇنىڭ بىلەنلا تەسكىن تاپمىدى. ئۆزىنىڭ ھۇجۇملىرىنى تەكرار داۋاملاشتۇرۇپ، بىرىنچى قېتىمدا ۋاردانزىگە، ئىككىنچى قېتىمدا تاكى بۇخارانىڭ دەرۋازىلىرىغا قەدەر كەلدى. دىن ۋە قان ـ قېرىنداشلار ئارىسىدا داۋام قىلغان بۇ قانلىق غوۋغالار يالغۇز ئاتمىش ياشقا يەتكەن ۋاقتىدىلا ئەبۇلغازىدا ئادىللىق ۋە مەرھەمەت ھېسسىياتىنى ئويغىتالىدى. ئاخىر ئۇ ئەبدۇلئەزىز بىلەن سۇلھى تۈزدى ۋە تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ھىجرىيە 1074 (مىلادىيە 1663) ـ يىلى ۋاپات بولدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانچە قېتىملاپ كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغىنىدەك، تاتار جەڭگىۋارلىرىنىڭ ئىنسانىي ھېسلىرى ئادەتتە بۈيۈك بىر قېرىلىق ۋاقتىغا يەتكەندىن كېيىنلا ئويغىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇرۇش خۇمار ئوغلى ھەم ۋارىسى ئەنۇشىخان [8] ئاتىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن سۇلھى ئەھدىنامىسىگە كۆپ ئەھمىيەت بەرمىدى. بۇخاراغا يېڭىدىن ھۇجۇم باشلاپ، خاجەجۇيبار دېگەن جايغا قەدەر كەلدى ۋە بۇ مۇقەددەس يەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبدۇلئەزىز كەرمىنەدە ئىدى. دەرھال بۇخاراغا قايتتى. شەھەر دەرۋازىلىرى خىۋەلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. ئەبدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ قىرىق نەپەر پىداكار تەۋەلىرى بىلەن تۈن نىسپىدە ئۇ يەرگە كېلىپ ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن توختاۋسىز ھالدا ئۇرۇشا ـ قەلئەگە بېرىپ يەتتى ۋە ئاندىن بۇ كېچە خارەزملىكلەرنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئاھالىنى دەۋەت قىلدى. ئۆزبېكلەر، تاجىكلار ۋە ئەجنەبىي سودىگەرلەر ئارىسىدا قورال تۇتۇش ئىقتىدارى بولغانلىكى ئادەم ھەممىسى تۈن نىسپىدە بىرىدىن بىرى ئالدىرىشىپ قالغان دۈشمەن ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش شۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك بولدىكى، ئەنۇشى ئەسكىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا خالاس بولۇپ خىۋەگە كېتەلىدى. بۇ پالاكەت ئۇزاق مۇددەتلەرگە قەدەر خىۋەلىكلەرنىڭ سۇلھىنى بۇزۇش ھەۋەسلىرىنى يوقاتتى.

ئاخىر قۇمشۇلار (كۇرشىلار) بىلەن بولغان دائىملىق جەڭلەر ۋە قېرىنداشلىرى ئارىسىدا داۋام قىلغان نىزالار تۈپەيلىدىن، ئەبدۇلئەزىزخاننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ گۈزەل بىر ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەختنى سۇبھانقۇلىغا تاپشۇرۇشنى ۋە ئۆزى دەرۋىش ھاسىسىغا تايىنىپ مەككە سەپىرىگە يۈزلىنىشنى قارار قىلدى. سۇبھانقۇلى ئالىي ھاكىمىيەتنى (ھۆكۈمدارلىقنى) قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا چاقىرتىلغاندا، ئۇ ئاتالىق ئىمامقۇلى ھەم پەرۋانچى تەڭرىبەردى ۋاسىتىسى بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ مۇددىئاسىغا مەمنۇنىيەت بىلەن ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن پايتەختكە پەقەت ئەبدۇلئەزىز ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا بېرىشنى تىلەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەر ئەبدۇلئەزىزگە ياخشى تەسىر بەرمىدى ھەم بۇخارالىقلارمۇ ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ پىكىرىدىن قايتىشىنى تىلەيتتى. شۇڭا، ئەگەر بۇ پىكىرىدىن قايتىپ قالسا ئۆز ھۆكۈمدارى ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن تەڭرىبەردى پەرۋانچى ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاب قىلدى: «ئەي ھۆكۈمدار، ئەگەر لايىق تاپسىڭىز، تاسادىپىي ھالدا ئېسىمگە كەلگەن بىر ۋەقەنى نەقىل كەلتۈرسەم: بەلخلىق سۇلتان ئىبراھىم ئۆزىنىڭ مەككىگە بېرىش سەپىرىدە نىشاپوردىن ئۆتكەن چېغىدا زامانىسىنىڭ بىرىنچى ھەكىمى بولغان پەرىدىدىن ئەتتارنى [9] زىيارەت قىلدى ھەم ئۇ يەردە قونۇپ قالدى. لېكىن، بۇ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مۇھتەرەم زات ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىنتايىن نامرات ئىدى. كەچ بولدى. ئۇ خۇداغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مۆجىزىگە قاراڭ، بىردىنلا داستىخاندا بىر تاۋاق تولۇق شېرىن تائام زاھىر بولدى ھەم ئۆزىگە، ھەم مۇساپىرغا تويغۇچە يېيىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئىككىنچى كۈنى سۇلتان ئىبراھىم بۇ مۆھتەرەم زاتنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ياردەم سوراپ ئۇمۇ خۇداغا يالۋۇردى. بۇ قېتىم بىرنەچچە تاۋاقلاردا لىق تولغان تاتلىق تائاملار زاھىر بولدى. ئىككى زاتقا نېسىپ بولغان تەڭرىنىڭ رەھمىتى ئارىسىدىكى بۇ پەرقنى كۆرگەن پەرىدىدىن ئەتتار ھەيران قالدى ۋە: «ئەي تەڭرىم، نېمىشقا ماڭا يالغۇز بىر تاۋاق، ئەمما سۇلتان ئىبراھىمغا كۆپ تاۋاقلاردا نېمەت بېرىلدى؟» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن غايىبتىن: «گەرچە ھەر ئىككىڭلا مېنىڭ ئەزىز بەندىلىرىم بولساڭلارمۇ، ئىبراھىم مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاج ۋە تەختىنى پىدا قىلدى. سەن بولساڭ پەقەت دوراپۇرۇشلۇق دۇكىنىڭنى پىدا قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئىش - ئەمەلى چوڭراق. شۇڭا مۇكاپاتىمۇ چوڭراق بولۇشقا تېگىشلىك»، دېگەن بىر سادا كەلدى. ئەي ھۆكۈمدار سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. سېنىڭ ھەج سەپىرىڭمۇ كۆپ زىيان - زەخمەتلىك بىر ئىش. چۈنكى، بۇ باشقىلارغا قارىغاندا مىڭ مەرتىۋە بۈيۈك بىر پىداكارلىقتۇر».

ھېيلىگەر پەرۋانىچى تەڭرىبەردىنىڭ بۇ ئىشارەتلىك سۆزلىرىدىن پەۋقۇلئاددە تەسىرلەنگەن ئەبدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەجگە كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ كارۋىنىغا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ھاجىلار قوشۇلغاندىن كېيىن ئەرەبىستاننىڭ مۇقەددەس شەھىرىگە ئىران ئارقىلىق كېتىش ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 1091 (مىلادىيە 1680) - يىلىدا بۇخارادىن قوزغالدى. بۇندىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدارلارغا ئوخشاشلا بۇنىڭغىمۇ ئىراندا بۈيۈك مېھمانپەرۋەرلىك كۆرسىتىلدى. ئىككىنچى ئەبباسنىڭ ئوغلى شاھ سۇلايمان ئۇنى شاھانە بىر ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلدى. ئىسپاھاندا ئۇ «چېھىل سۇتۇن» ناملىق غايەت گۈزەل بىر سارايدا مېھمان بولۇپ تۇردى.

بۇ ۋاقىتلاردا نورۇز بايرىمى بولۇپ، ئادەت بويىچە ئىراندا مەخسۇس تەنتەنىلىك مۇراسىملار ئىجرا قىلىناتتى. شۇنىڭغا بىنائەن ئۆزبېك خانىغا ئىسپاھاننىڭ باھار زىننەتلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن باغچىلىرى ۋە ئىران سارايلىرىنىڭ پۈتكۈل يۈزىنى قاپلىغان زىبۇ - زىننەتلىرى ئارىسىدا تەبىئەتنىڭ لاتاپىتى ۋە بۇ دۇنيانىڭ بەخت - سائادەتلىرى بىلەن ۋىدالىشىشقا توغرا كەلدى. ئۇ بۇ يەردىن ھەمەدان ۋە باغداد يانلىرىدىن ئۆتۈپ، چۆل ئارقىلىق سەپەر قىلغانىدى. يولدا ئۆزلىرىگە چوڭ بىر توپ قاراقچى بەدئۇيلەر ھۇجۇم قىلىپ، قىرىق مىڭ ئالتۇن ئاقچا تەلەپ قىلدى ۋە بېرىلمىگەن تەقدىردە قورال ئىشلىتىدىغان-لىقىنى بىلدۈردى. دىنىي بىر سەپەر ۋاقتىدا قولىنى قان بىلەن بۇلغاشنى خالىمىغان ئەبدۇلئەزىز ئۇلار تەلەپ قىلغاننىڭ يېرىم مىقدارىنى بېرىشكە قوشۇلدى. لېكىن، بەدئۇيلەر بۇنىڭغا رازى بولمىغانلىقتىن، ئەبدۇلئەزىز بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «مەن قىرىق يىل سەلتەنەت سۈردۈم! ئەمدى يول توسار قاراقچىلار ماڭا بۇيرۇق بېرىشكە جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ! قورالنى ئىشقا سېلىڭلار! ئەگەر مەن بۇ يولدا ئۆلسەم، خۇدا يولىدا شېھىت بولغان بولىمەن» دەپ ۋارقىرىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇرۇش بۇ ھاجى ھۆكۈمدارنىڭ غەلىبىسى بىلەن نەتىجىلەندى. كېيىن ئۇ ساق - سالامەت ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەستىن يەتمىش تۆت يېشىدا ۋاپات بولدى. مەدىنىدە ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە ھامىسىنىڭ ئوغلى يېنىدا دەپنە قىلىندى.

ئەبدۇلئەزىزنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەيدىغان بولساق، ئۇ پەۋقۇلئاددە سېمىز بولۇپ، ھەتتاكى ئۇنى زامانىسىنىڭ

ئەڭ يوغان كىشىسى دېيىشكە بولاتتى. تارىخچىلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ ئىچىدە تۆت ياشلىق كىچىك بالىنى بىمالال ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن ئىدى. بىر شائىر ئۇنىڭ بۇ سېمىزلىكى ھەققىدە بىر ئاز ھەزىل قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئىكەن. ئۇنى ئىشتىكەندىن كېيىن ئەبدۇلئەزىز ئۇ شائىرنى ھوزۇرىغا چاقىرتقان. شائىر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن خەۋپسىرەپ تىترىگەن ھالدا ئەبدۇلئەزىزنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن. ئەبدۇلئەزىز ئۇنىڭغا: «ھە موللام، مەن توغرىسىدا ھاقارەت ئارىلاش شېئىر يازغانلىقىڭىزنى ئىشتتىم. باشقىلار ھەققىدە بۇنداق قىلماڭ، بولمىسا ئۆزىڭىز ئۈچۈن سەت بولىدۇ» دېگەن. ئاندىن ئەبدۇلئەزىز ئۇنىڭغا ئون مىڭ دىنار ئاقچا ھەم بىر قۇر كىيىم - كېچەك بېرىشكە پەرمان قىلغان. شائىر بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئەي ھۆكۈمدار، ئالىي جانابلىقىڭ بىلەن مېنى بۇ قەدەر ھاقارەت قىلغۇچە، گەۋدەمنى ئون مىڭ پارچىغا ئايرىپ پارچىلاپ تاشلاشقا ئەمىر قىلغان بولساڭ، ياخشىراق بولغان بولاتتى» دېگەن ھەم دەرھال بۇخارادىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەن.

ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا نىسبەتەن شۇ دەرىجىدە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغان ئەبدۇلئەزىز باشقا كۆپ تەرەپلەردە ئالىيجانابلىقلار كۆرسەتكەن. ئۇ خېلى دەرىجىدە مەلۇمات ئىگىسى بولۇپ، چىرايلىققىنا شېئىرلارنى يازاتتى. ھەتتا ھەج سەپىرى ۋاقتىدىمۇ غايەت گۈزەل بىرنەچچە ئىلاھىينامىلەرنى ئىجاد قىلدى. بولۇپمۇ مەشھۇر بۇخارىينىڭ ئەسىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۆلىمالار ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ئۇزۇلمەي كىرىپ تۇراتتى. ئۇ خەتتاتلارنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. مەسىلەن، مەشھۇر خەتتات موللا ھاجى شائىر ھافىز شىرازىنىڭ پەقەت بىر نۇسخا دىۋانىنى كۆچۈرۈپ يېزىش بىلەن يەتتە يىل شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى پەقەتلا ئىككى مىسرا شېئىر يازاتتى.

ئەبدۇلئەزىز ئىران ئارقىلىق سەپەر قىلغاندا ھافىز دىۋانىنىڭ بۇ نۇسخىسىنى ھەدىيە سۈپىتىدە شاھ سۇلايمانغا بەرگەندى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ بۇ سابىق ھۆكۈمدارىنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن قىممەتلىك ماتالىرى ۋە باشقا ئەزىز نەرسىلەرنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئارتۇقراق بۇ ھەدىيە شاھ سۇلايماننىڭ مەمنۇنىيىتىگە سەۋەب بولدى. جەڭ پەيتىدە جاسارەتلىك، ھالاكەت ۋاقتىدا چىدام - غەيرەتلىك بولغان ئەبدۇلئەزىز كۆپىنچە ھالدا كۈن بويى تاشقي دۇنيانىڭ تەسىراتىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. كۆپ كىشىلەر بۇنى ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە تەپەككۇرغا تولۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇخارا خانلىرى شەخسەن ئۆزلىرى قانلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقىدىن ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سائەت - سائەتلەپ ئۆلىما ۋە ئەزىزلەر سۆھبىتىدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، تەڭرى قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى، دۇنياۋى ئارزۇ ۋە مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ۋە مەنىسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشنى لازىم كۆرەتتى.

## ئىزاھاتلار

① ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن پالاكەتلىك قىرغىنچىلىقتىن خالاس بولغان بۇ خانىم ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاخىر بۇخارادىن ئىرانغا قايتقان بولسا كېرەك. چۈنكى، بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەلۇمكى، بۇ بىر ئاز ۋاقىتلاردىن كېيىن شاھ ئەبباسنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇ قاجار رەئىسى مېھراپخانغا نىكاھلانغان ۋە بۇ نىكاھتىن مەشھەد نائىبى مۇرتەزاقۇلى ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەرۋىنىڭ مۇھاسىرىسى ۋاقتىدا مۇرتەزاقۇلى بۈيۈك بىر جاسارەت بىلەن بۇ شەھەرنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ بۇخاراغا كەلتۈرۈلگەن. ئىمامقۇلى ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر قېرىندىشى سۈپىتىدە مەخسۇس ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭغا ئازادلىق بەرگەن. ئاشتەرخانىيلار بىلەن قاجار سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئالدىدا بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

② ئۇ بۇنى ئادەتتىكى سۆزلەر بىلەن: «بۇ سەككىز قۇل نەدىر مۇھەممەد بىلەن قوشقاندا توققۇزدۇر» دەپ تەقدىم قىلدى. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن نازاكەت كۆرسىتىش تۈرك قوۋملىرىدە بەك قەدىمدىن قالغان بىر ئادەتتۇر. شۇڭا گورجىستانلىق ئىبراھىم سۇلتاننىڭ تېمۇر ھوزۇرىدا ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىتائەت ۋە نازاكەت بايان قىلغانلىقىنى ئاقساق جاھانگىرنىڭ ھايات تارىخىنى يازغان شەرەپىددىن ئەلىنىڭ بايان قىلغىنىغا قارىغاندا بۇ ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەھۋال ئەمەستۇر.

③ پەيغەمبەر قەبرىسىدە مۇجاۋىر (مۇھاجىر) بولۇش ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار نەزەرىدە ئىنتايىن ياخشى بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا نائىل بولغان ئادەم بەختىيار كىشى سانىلىدۇ.

④ قاتار — تۈركچە سۆز بولۇپ، ئىراندا يۈك توشۇيدىغان ھايۋانلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرىگە باغلانغان ئالتىدىن يۈزگە قەدەر تۆگە بىر قاتار دېيىلىدۇ.

⑤ «تارىخى مۇقىمخانىي» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەبدۇلئەزىزنىڭ ئاتىسىغا قارشى ئىسيانىنى گوياكى ئۆز ئىختىيارىچە بولماستىن، باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي سۈرئەتتە يۈز بەرگەنلىكىنى، ئەگەر بۇنىڭغا رازى بولمىسا، ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىنغانلىقىنى ساددا دىللارچە بىر ئۇسۇلدا يېزىپ، ئوقۇغۇچىلارنى قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشقان.

⑥ ئوتتۇرا ئاسىيا مەنبەلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: شاھ ئەبباس بۇ مۆھتەرەم مۇساپىرغا ئايرىمچە كاتتا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاددىي ئەسكەر سىياقىدا كىيىنگەن بولۇپ، خېلى بىر مۇساپىغىچە نەدىرمۇھەممەدخاننىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىلىرى يېنىدا پىيادە ماڭدى. پەقەت نەدىرمۇھەممەدنىڭ دىققىتى بۇنىڭغا جەلپ قىلىنغان ۋاقىتدىلا ئاندىن بۇنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تاجدار قېرىندىشىنى تونۇدى ۋە قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

⑦ كۆك يۈرتلۇق — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان چۆلدىكى بىر يەر بولۇپ، بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدا چېگرا نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

⑧ «تارىخى مۇقىمخانىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ تاجاۋۇزنىمۇ ئەبۇلغازى تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلاردا ئەبۇلغازى ۋاپات بولغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى.

⑨ ھىجرىيە 616 (مىلادىيە 1216) - يىلى تۇغۇلغان پەرىدىددىن ئەتتار شەرق ئىسلام دۇنياسىدا كۆپ ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان «مەنتىقۇت - تەير»، «پەندنامە»، «جەۋاھىرنامە» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇ يۈز ئون تۆت ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆردى ۋە مۇتەپەككۇرانە ھاياتقا تېخىمۇ ياخشى بېرىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەتتارلىق (دوراپۇرۇشلۇق) تىجارىتىنى تاشلىدى.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

# تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم

ئەھمەد زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئەھمەد زىيائى ئۆزىنىڭ ئاتمىش يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا يارالتقان ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زاماندىكى ئىلىم ساھەسىدە، ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە يولۇققان بولسىمۇ، خەلقنى كۆيلەش، ھاياتىدىن قىممەتلىك مەنە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى ئىزچىل كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مول ئىجادىي مېۋىلىرى بىلەن خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان تارىخىدا يېتىشىپ چىققان مول بىلىملىك، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن تىل ۋە ئەدەبىيات ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىممەتلىك مىراس «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ خەلقىمىز بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشۈشىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەمدە بۇ ھەقتە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، باشقا تىللاردىن بىر تۈركۈم تارىخىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنغان. «تومىماس چېچەكلەر» ماۋزۇسى ئاستىدىكى شېئىرلىرى، «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ۋە «ئۇلۇغ ئابىدىلىرىمىزنىڭ قورغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەھمەد زىيائىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. لېكىن، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نەسرىي شەكىلدە چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يېزىشنى پىلانلىغان ھەمدە تۇنجى قەدەمنى باشلىغان، ئەمما رەھىمسىز كېسەل ئۇنى بۇ ئەمگىكىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇرلىغان ھەمدە ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكىنى قايتا داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەن. بۇ دەل ئەھمەد زىيائىنىڭ يېزىپ تاماملانمىغان تارىخىي رومانى «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم».

ئەھمەد زىيائىنىڭ ھاياتى كۆپلىگەن سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تولغان ھايات. ئۇ 1935 - يىلى «يېڭى ھايات گېزىتى»① ئىشلىگەندىن باشلاپ، شىنجاڭدا بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تارىخىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەھمەد زىيائى ھايات ۋاقتىدا باللىرىغا ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا ئۆز ھاياتىدا نەچچە قېتىم ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يېرىم ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زور ھەجىملىك تارىخىي بىئوگرافىك رومان يېزىش نىيىتى بارلىقىنى ھەمدە تۇنجى قەدەمنى باشلىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەھمەد زىيائى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئىچىدىن بۇ ئەسەرنىڭ

---

① كېيىن «شىنجاڭ — قەشقەر گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

قولىيازمىسى بايقالغان. ئەسەر 32 فورماتلىق قىزىل تاشلىق خاتىرىگە يېزىلغان بولۇپ، تۇنجى بابى 30 ئورگىنالچە يېزىلغان.

ئەھمەد زىيائىنىڭ بۇ ئەسىرى ھەققىدە مەتبۇئاتتا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن[1] ، ئەمما ھازىرغا قەدەر تولۇقى بىلەن ئېلان قىلىنمىغان ئىدى. گەرچە بۇ ئەسەر يېزىپ تاماملانمىغان، بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت ئۇنىڭ قىسقىلا بىر قىسمى بولسىمۇ، ئەھمەد زىيائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئاز تولا بولسىمۇ ياردىمى تېگەر، دېگەن مەقسەتتە بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاپ كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە سۇندۇق.

ئەھمەد زىيائى ھايات ۋاقتىدا ئۆز ئىجادىيىتىدىكى تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى ھەققىدە توختالغاندا ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە، پارىسچىنى كۆپ ئىشلىتىپ قويىدىغانلىقى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بۇنى تۈزىتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مەرھۇم بۇ ئەسەرنى دوختۇرخانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەر بىر سۆز، ھەر بىر جۈملىنى يېزىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىدىمۇ ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن خالىي بولالمىغان. قولىيازمىدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزىدە تۈركچە سۆزلەرمۇ ئارىلىشىپ قالىدۇ. ئەسەردىكى «گۈلنىساھ» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئوسمانلى تۈركچىسى بىلەن بېرىلگەن[2] . نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا سۆزلەر ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆز ئەسلى بويىچە ئېلىندى. زۆرۈر بولغان سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلدى.

## تارىخي تىراگىدىيە

ھەپەنجىكام ئۆلەپتۇ،
ئاق مازاغا كۆمەپتۇ،
ژىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپاپ ژىغلاپتۇ.
(قەشقەر خەلق قوشاقلىرى)

مۇشۇ يېزىلغانلارنىڭ بارلىقى بولۇپ ئۆتتى، مەن ۋە مەندەك نۇرغۇن كىشىلەر شۇ كۈنلەرنى كەچۈردۇق. ئەگەر بۇ كۈنلەرنى كەچۈرمىگەن بولسام، مەنمۇ سىزلەرگە ئوخشاش بۇنداق كۈنلەرنىڭ ئادەم بېشىغا كېلىشىگە ئىشەنمىگەن بولاتتىم.

## تۇنجى ئۇچقۇن
## (مىلادىيە 1931 ــ، ھىجرىيە 1350 ــ يىلى)

سۇبھى كۆلگەن، تۈننىڭ قاراپەردىسى نۇر تىرناقلىرى بىلەن يىرتىلغان، قۇياش شولىلىرىنىڭ زەررىن رىشتىلىرى[3] بىلەن ماھى[4] ئۆپۈقتا ھال شەپەقتىن نارەنجى[5] رەڭ بېرىپ كۆكنى بېزەپ تۇرغان. يۇلتۇز ئۇنچىلىرى گويا قۇدرەتلىك نۇردىن يوشۇرۇنغاندەك

① ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ يېزىپ تاماملانمىغان تارىخىي رومانى ــــ ‹تۆت قېتىم ئۆلۈپ بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم› توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1998 ــ يىللىق 4 ــ سان.

② نەشرگە تەييارلىغاندا ئاساسىي مەزمۇنىلا بېرىلدى.

③ زەررىن رىشتىلىرى ــــ ئالتۇن يىپلىرى.

④ ماھ ــــ ئاي، گۈزەل، چىرايلىق.

⑤ نارەنجى ــــ قېنىق سېرىق.

ئارقىمۇ ئارقا يوقۇلۇشماقتا ئىدى. ھىمالايا تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرى زەبەرجەد[1] قەسىرگە قويۇلغان كۈمۈش تۇۋرۇكلەردەك ئەتراپقا نۇر ۋە ھەيۋەت سېپەر. پۈتۈن كائىناتنىڭ مادارى، ھاياتى بولغان قۇياش دۇنيادا ئۆتۈۋاتقان ناھەقچىلىقلاردىن غەزەپلەنگەندەك قىپقىزىل قاندەك قىزىرىپ دەھشەتلىك بىر چوغ دۆۋىسىگە ئوخشاش ئۇپۇقنى يېرىپ كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭ شەئشەئەلىك[2] نۇرى بىللۇرى[3] قار دۆۋىلىرىگە ئۇرۇلۇپ جاھانغا گۈزەللىك چاچاتتى.

... نىڭ يازلىق سەيرگاھى بولغان ئوردۇكەند (قەشقەر) نى گەرچە باھار يېشىل كىيىملەرگە ئوراپ، گۈل چېچەكلەردىن تاج كەيدۈرۈپ كافۇرلىرىنى[4] سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئەنبىرىن سەھنىلىرىگە كۆك مايسىلاردىن يېشىل گىلەملەر يېيىپ، سەھەر نەسىمى[5] ئۆزى ئۈچۈرۈپ كەلگەن چېچەك بەرگىلىرىدىن نەقىشلەر چېكىپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەللىكلەر بىلەن زىنىنەتلىگەن بولسىمۇ، بۇگۈزەل قەشقەر مەھبۇبىدىن مەھرۇملۇقتا قالغان نازىنىنلاردەك مەيۇسانە بىر ھالدا ئىدى. قىتئە:

نەسۇد[6] ئول ھۇسىندىنكىم بولمىسا كۆڭلىدىكى يارى،
مۇرادسىزلىق خەزانىدىن سولاشقان تۇرسا گۈلزارى.
قونۇشقا گۈللەرگە تاپمىسا بۇلبۇللارى پۇرسەت،
يۈرەك دەردىنى ئەيتىشقا قېنى بىر يار ـ دىلدارى.

قەشقەر ھەقىقەتەن مەيۈسلىنىشكە ھەقلىق ئىدى. چۈنكى، مەنچىك خانلىقىنىڭ ئىدارە ـ مۇستەبىدىرەسى ئاستىدا زۇلۇم ـ كۈلپەت، جەھل ـ جەھالەتنىڭ قارا داغلىرى ئۇنى ئازابلاپ، غەزەپلەندۈرمەكتە ۋە ھەسرەتلەندۈرمەكتە ئىدى ... نېمىشقىمۇ ھەسرەتلەنمىسۇن! (مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يېرىم بەت ئورۇن ئاق تاشلانغان) ... لارنى يېتىشتۈرگەن قەشقەر شۇ ئەمەسمىدى!؟ ... «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» دەك پاساھەت، بالاغەتنىڭ مۇنەۋۋەر يۇلتۇزى، ھېكمەتلەر دۇررى ياقۇتلىرى بىلەن تولغان پۈتمەس خەزىنە، بەدىئىي شېئرىيەت ئالىمىنىڭ خازانسىز گۈلىستانى ـــ «قۇتادغۇ بىلىك» تەك ئون ئۈچمىڭ مىسرالىق نەزمىي پەلسەپىلىك بۈيۈك ئەسەرنىڭ ئىجادچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپدەك پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، شائىرلارنى، «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» دەك (ھىجرىيە 464 ـ يىلىدىن 466 ـ يىلىغىچە) تۈرك تىلىنىڭ لۇغەت سەرىپ[7] ئەھۋالىنىڭ ئاساسىنى ئىجاد قىلىپ چىققۇچى مەھمۇد قەشقەرىدەك ئىجادكار ئالىملارنى بېقىپ ئۆستۈرگەن قەشقەر شۇ ئەمەسمىدى؟! ... قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇپ ئونبەش چوڭ ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆتمىڭ بەشيۈز مىسرادىن ئارتۇق بىر خەمسە يېزىپ يادىكار قالدۇرغان ئابدۇرەھىم نىزارىدەك بۈيۈك شائىرلارنى، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئەدىب، تەرجىمان، مۇزىكانت، شائىر ۋە سەنئەت ئىگىلىرىنى چوڭ قىلغان قەشقەر شۇ ئەمەسمىدى؟! ...

بۇگۈنچۇ؟! ئاينا قەشقەر! تار كوچىلار.. ۋەيرانە ئۆيلەر، تىلەمچى يېتىم بالىلار، ھامامنىڭ كۈلىدە يېتىپ يۈزلىرى ھەبەشتەك قارىيىپ، توڭۇپ ئىگە ـ چاقىسىز كۈلگە ئورۇنۇپ ياتقاندا تەنلىرى كۈلدىكى ئۆچمەي قالغان چوغ پارچىلىرىدىن كۆيۈپ يارىلانغان بىچارىلەر، غەرىب كىپەن دەپ (ئېگىسى يوق كىشىلەر ئۆلسە كىپەنلىكى يوقلارنى غەرىب كىپەن دەپ ئاتىشاتتى) ھېيتگاھدا ياتقۇزۇپ قويغان مۇردىلار، ئۇششاق بالىلىرنى ئارقىسىغا

---

① زەبەرجەد ـــ يېشىل رەڭلىك بىر خىل ئېسىل تاش، تاقى زەبەرجەد ـ كۆك ئاسمان.
② شەئشەئە ـــ شولا، نۇر، يورۇقلۇق، قۇياش شولىسى.
③ بىللۇر ـــ پارقىرايدىغان ئاق خرۇستال ئەينەك.
④ كافور ـــ كامفارا، دەرەخت كافور ـ كامفارا دەرىخى، كۆچمە مەنىدە: ئاق، قاردەك، سوغۇق.
⑤ نەسىم ـــ تاڭ شامىلى، مەيىن شامال، ئىللىق شامال، سالقىن شامال.
⑥ نەسۇد ـــ نېمە پايدا، نېمە بەھر.
⑦ سەرىپ ـــ مورفولوگىيە، قوللانما، ئىستېمال قىلماق، ئىشلەتمەك.

www.uyghurkitap.com

سىلىپ، ساپايىسىنى جالدىرلىتىپ سازايى قىلىپ يۇرگەن قەلەندەرلەر ۋە ··· ۋە ··· قەشقەر مۇشۇنداق سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەربىيىۋى چۇشكۇنلۇك ئاستىدىكى خار ـ زارلىق ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەردىن غەزەپ ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئىدى ··· لېكىن زامان ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن تەسەللى بىرەتتى:

ئى گۈزەل قەشقەر! تولا قايغۇرما خارلىق يەتتى دەپ،
بالىلىرىم مېنى مۇشۇنداق ھالدا تاشلاپ كەتتى دەپ.
ھەر قارا تۈننىڭ تېڭى بار، ھەر تىكەننىڭ گۈللىرى ،
بولما ئۈمىدسىز كۈنۈم، ئەمدى مۇشۇنداق كەتتى دەپ.

يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى[1] بىر ئوغۇل ھويلىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، مۇرىسىدىكى كەتمەننى يەردە قويۇپ يۇيۇندى. مېھرىبان ئانىسى تەييارلاپ قويغان نان، قېتىق بىلەن غىزالاندى ۋە ئاتىسى تۇرغۇزغان مىڭ جىلددىن ئارتۇق كىتابقا ئىگە ئائىلىۋى كۇتۇپخانىغا كىردى. نەزىرى كۆك تاشلىق بىر دەپتەرگە چۈشتى. ئۈستىگە جەللى خەت[2] بىلەن «مىللىي يول» دەپ يېزىلغان بۇ دەپتەر ئۇنى جەلپ قىلدى. «— ئەجەبا، بۇنددن ئىلگىرى يوق ئىدىغۇ؟» ئۆزىگە سوئال قويىدى ھېلىقى ئوغۇل. ئازغىنا تەئەممۇل[3] دىن كېيىن بۇنى ئاكىسىنىڭ تۇنۇگۈن فازىل مۆھتىرەم ئاتىسىغا ئەۋەتكەن كىتابلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ يەردە ھېلىقى ئوغۇلنىڭ ئاكىسى ھەققىدە ئازغىنا يېزىپ ئۆتۈپ كېتەيلى. ئاكىسى ··· ئىسىملىك ئالىم بولۇپ، يىگىرمە ئىككى ياشتا شۇ ۋاقىتدا ئوقۇلۇۋاتقان ئىلىملەردە خەتمى ئۇلۇم[4] قىلغاندىن كېيىن ئاز ئۆتمەي ··· قوزغىلاڭ باشلىنىپ سابىت داموللا ھاجىم باشچىلىقىدا قۇرۇلغان ··· سەركاتىپ (باش مىرزا، باش كاتىب) بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ھۆكۈمەت يىقىلغاندىن كېيىن 1937 ـ يىلىغىچە ئىسلام مەدارىس[5] ۋە مەساجىد[6] ئاتالغان ئالىي غايىلىك مۇئەسسە[7] دە مەسئۇل كاتىبلىق قىلغان. كېيىن بۇمۇ يېپىلىپ كەتكەندىن كېيىن ھاياتىنى قول سانائىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ يەنە بىر تەرەپتىن دەرىسگويلۇق[8] بىلەن ئۆتكۈزگەن. شۇ دەۋرلەردە سەككاكىنىڭ «مىفتاھۇل ئۇلۇم» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. «ئەقىدىلەر گۆھىرى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى ۋە «شېرىن نەسىھەتلەر خەزىنىسى» نى يېزىپ تاماملىدى. نامەرد زامان ئالىمنىڭ شۇ قەدەر قىيىنلىقتا كېتىۋاتقان ئېچىنىشلىق ھاياتىغا گويا قانائەت قىلمىغاندەك، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى ۋە ئۆزى توپلىغان كىتابلاردىن بولۇپ، بىر مىڭ بەشيۈز جىلدقا يېقىن كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىشتى. شۇندىن كېيىن زاماندىن

① 17 ياشلاردىكى دەپ يېزىپ 17 نى جەججۇتىپ 22 دەپ ئۆزگەرتكەن. 17 ياش بولغاندا ئەھمەد زىيائىنىڭ شۇ يىللاردىكى يېشىغا توغرا كېلىدۇ.
② جەللى خەت — بىر خىل ھۆسنخەت شەكلى.
③ تەئەممۇل — چوڭقۇر پىكىر قىلماق، ئويغا چۆممەك، مۇلاھىزە قىلماق.
④ خەتمى ئۇلۇم — تاماملىماق، ئىلىم ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرماق.
⑤ مەدارىس — «مەدرىسە» نىڭ كۆپلۈكى.
⑥ مەساجىد — «مەسچىد» نىڭ كۆپلۈكى.
⑦ مۇئەسسە — قۇرۇلغان، بىنا قىلىنغان؛ ئورگان، تەشكىلات.
⑧ دەرىسگوي — دەرىس بېرىش.

كۆڭلى چىگىلىپ خەلقتىن چەتنەپ گۇشە نىشىن[①] خۇمۇل[②] لىقنى ۋە قانائەتنى ئىختىيار قىلىپ دۆڭ مەسچىددىكى بىر كىچىك ھۇجرىدا ئون ئۈچ يىلدىن ئارتۇق كۈن كۆرۈپ 1977 - يىلى دۇنيادىن كۆز يۇمدى. جەسىتىنى ئۈنىمگدىن ئارتۇق قەشقەر مۇسۇلمانلىرى كامال ئىھتىرام بىلەن مۇرىلىرىدە قولدىن - قولغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلىشتىلەر. دەپنە مۇراسىمىدىكى خەلقنىڭ ئىھتىرامى بۇ ئالىمنىڭ قانداقلىقىغا شاھىتلىققا يېتەرلىك ··· سۆز ھاجەتسىز. بۇ ئالىم ۋاپاتىدىن كېيىن يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇنىڭ «مىفتاھۇل ئۇلۇم» تەرجىمىسىدىكى بۈيۈك ئىلمىي كۈچىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئۇيغۇر، ئەرەب تىل مۇتەخەسسىسى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئالىم دۇنيادا يوق ئىدى ··· (ھېلىقى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى ئۈستىدە بولالمىغىنىدەك، ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىدىمۇ بولالمىدى. بۇ سەۋەبلەرنى كېيىنكى بابلاردىن ئاڭلايمىز).

ئەمدى سۆزنى ھېلىقى ئوغۇلدىن باشلايلى ··· كىتابلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدى. كىتابنى ئالدى. قولتۇقىغا قىستى. غىپپىدە باغقا كىرىپ كەتتى. چىرايلىق باغ، رەت - رەت كەتكەن تال باراڭلىرى، كەھرىبادەك[③] سارغىيىپ تۇرغان مايسەن ئۈرۈكلەر، زۇمرەتتەك يېشىل ياپراق ئارىسىدا ياقۇتتەك ئېسىلىپ تۇرغان گىلاس ۋە جىنەستىلەر، كاككۇكنىڭ ھاۋانى ياڭرىتىپ سايراۋاتقاندىكى مۇڭلۇق - زىل ئۈنلىرى، قاقىلداپ كۈلۈشلىرى، باراقسان يېشىل بەرگلەر ئارىسىدا كۆك تالغۇ[④] نىڭ دىلغا ھۇزۇر بېرىدىغان خۇشخۇي سايراشلىرى، شاھ سۇپا، كۆل، كۆل بويىدا ئېچىلىپ كەتكەن قىزىل گۈللەر، قىزىل گۈلنىڭ سۇدىكى نەپىس كۆرۈنۈشلىرى، گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن مۇنەققەش[⑤] قاناتلىق كېپىنەكلەر، ئاستا چىقىۋاتقان سالقىن شامال، گۈل بەرگىنىڭ تىنىق كۆل سۈيىدە ئۈزۈپ يۈرگەن قىيىقچىلىرى ··· گۈزەللىكنىڭ مەپتۇنى بولغان، ھەر كۈنى بۇ گۈزەللىكنى تاماشا قىلىپ تويمايدىغان ھېلىقى ئوغۇل بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە يا كۆڭۈل قويۇپ، يا قويماي، يا قاراپ، يا قارىماي، پۈتۈن ئەس - يادى ھېلىقى كىتابچىدا بولغىنى ھالدا شاھ سۇپا ئۈستىدە ئۈرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتابچىغا قارىدى، مۇقاۋىغا «مىللىي يول، ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىنىڭ نەشر ئەپكارى، بېرلىن، 1931 - يىل 8 - ئاۋغۇست» دەپ يېزىلغانىدى. مۇندەرىجىگە قارىدى (مۇشۇ يەردە ئىككى بەت ئاق تاشلانغان). مۇندەرىجىدە «گۈلنىساھ» دېگەن سەرلەۋھىنى كۆردى. ئوقۇشقا باشلىدى. ماقالە تۆۋەندىكىچە ئىدى (ئەسلىي ئورگىنالدا ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۈركچە بېرىلگەن).

## گۈلنىساھ

قۇمۇلنىڭ ئايتىلان ۋىلايىتىدە ئاراتۈرك نامىدا بىر تاغلىق ناھىيە بولۇپ، بۇ يەردە سالىھ باي ئاتلىق بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇنىڭ گۈلنىساھ ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بار ئىكەن. قۇمۇل ھەربىي قوشۇنىدا جاڭ فامىلىلىك بىر قوماندان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش قەستىدە بوپتۇ. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغان بىرسى بۇ ئەھۋالنى

---

① گۇشە نىشىن —— خىلۋەتكە كىرگۈچى، دەرۋىشلىك تۇرمۇشىدىكى كىشى.
② خۇمۇل —— مەلۇمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق.
③ كەھرىبا —— قىممەت باھالىق بىر خىل تاش؛ قەھرىۋا.
④ كۆك تالغۇ —— بىر خىل قۇش، كۆك تولغاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
⑤ مۇنەققەش —— چىرايلىق قىلىنغان، گۈل چېكىلگەن، زىننەتلىك، بېزەكلىك، نەقىشلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

سالىھ بايغا يەتكۈزۈپتۇ. سالىھ باي بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن كىشىلەرنى يىغىپ ھالىنى بايان قىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن كۆپچىلىك قوزغىلاڭغا بەل باغلاپ، مۇنداق مەسلىھەت قىلىشىپتۇ:

«ئاتا يالغاندىن كۆنىدۇ، توي باشلىنىدۇ. ئەل - جامائەت يىغىلىدۇ. بەيگە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ئاتلىق يىگىتلەر توپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ تەييارلىقى بولۇپ، دۈشمەن بۇنى ئۆز شەرىپىگە قىلىنغان ئېھتىرام دەپ چۈشىنىدۇ. تاماق تارتىلغاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قۇراللى بىلەن قوراللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەڭ باشلىنىدۇ». شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئەسكەر باشلىقى تۆتيۈز مۇھاپىزەتچى بىلەن كەپتۇ. توي باشلىنىپتۇ، تاماق تارتىلىپ يېيىشكە باشلىغاندا ھۇجۇم باشلىنىپتۇ. نە قوماندان، نە تۆتيۈز ئەسكەر ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوراللىنىپ جەڭ باشلىنىپتۇ. سالىھ باينىڭ قوماندانلىقىدا بىر كېچىدىلا ئاراتۈرك ناھىيىسىنى ئاپتۇ. بۇ غەلىبىدىن ئىلھاملانغان پۈتۈن قۇمۇل خەلقى قوزغىلىپتۇ... تېز ئارىدا بارلىق ۋىلايەتلەر قولغا ئېلىنغايمىش.

ژۇرنالنى قايتا كۆزدىن كەچۈردى. قەلبى ھاياجانلاندى. ئۇنى قانداقتۇر بىر ئالىي تۇيغۇ قانداقتۇر بىر جايلارغا ئېلىپ كېتىپ باراتتى. كۆزىنى كۆككە تىكتى، شامال ئەسمەكتە، قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ پارچە - پارچىلىنىپ يوقالماقتا. ئەسلىي تۇسلۇك ئاسمان ساپلانماقتا ئىدى... گويا قەشقەر يېقىن ئارىدا ئۇنى بېسىپ ياتقان زۇلۇم تۇمانلىرىدىن قۇتۇلىدىغاندەك، مەزەللەت[1] ئورنىغا غەيرەت ۋە سائادەت تۇرغۇزۇلىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. قىتئە:

نە بولغاي ئەي پەلەك ئەمدى جەفا خۇيىڭنى تەرك ئەتسەڭ،
مەزەللەت ئىچرە قالغانلەرگە بىر غەيرەتنى كۆرسەتسەڭ.
ئادالەتسىز زامانسەن بىر قارا يۈز ھەمدە ۋاپاسىز،
چېكەرسەن بىر كۆنى قىلغان ئىشىڭنىڭ دەردىنى بىلسەڭ.

ئۇ بارغانسېرى سۈزۈكلىنىپ كېتىپ بارغان تىنىق كۆك ئاسمانغا تىكىلگىنىچە تەپەككۇر فەزائىسى[2] دا پەرۋاز قىلاتتى. شۇ مىنۇتلاردا قانچىلىك مۇقەددەس ئىستەكلەر يۈرەك ئاينە[3] سىدە ئەكس ئەتتىكىن؟! ...

## ھېلىقى ئوغۇلنىڭ ھايات تارىخىدىن بىر سەفھە[4]

قەلەم بۇ يەرگە كەلگۈچە ھېلىقى ئوغۇل دەپ يېزىپ كېلىۋاتقان سىمانى بىر ئاز ئىزاھلاپ ئۆتسۇن. چۈنكى «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» ھەققىدە سۆزلىمەي ئۆتۈلسە بولمايدىغاندەك.

ھېلىقى ئوغۇل قۇمۇلدىكى ۋەقەدىن قاتتىق ھاياجانلاندى. ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى. قىسقىسى ھېسسىيات دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ ئوغۇل بۇ كۈنلەردە راسا يېتىلىشىپ كېتىپ بارغان، ياشلىق غۇرۇرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان، كۆڭۈل خەزىنىسى ئىلمى ئەرەبىيات ۋە پارس ئۇنچىلىرى بىلەن ۋە تارىخ، ئەدەبىيات لەيلى ياقۇتلىرى بىلەن تولغۇزۇلۇۋاتقان بىر شادلىق پەيلىقىدا ئىدى. ئاتىسى بىنا قىلغان ئالىي

---

① مەزەللەت — تۆۋەنلىك، خورلۇق، كەمسىتىلىش، خارلىنىش، ئەرزىمەس.
② فەزائى — كەڭ زېمىن، چوڭ مەيدان، بوشلۇق؛ ئوچۇقلۇق، ئالەم بوشلۇقى، ھاۋا.
③ ئاينە — ئەينەك، كۆزگۈ.
④ سەفھە — سەھىپە، ۋاراق، بەت.

مەدرىسەدە مىڭلاپ تالىب دەرىس بىلەن مەشغۇل، ئىلمىي مۇنازىرىلەر ۋە ئەدەبىي مۇشائىرىلەر داۋام قىلماقتا. ئاتىسى بۇنداق مۇشائىرىلەرنى ئۆزى ئۇيۇشتۇراتتى. شۇنداق مۇشائىرىلەردىن بىرنى يازايلى: قارا قىش، قار قاتتىق ياغقاندىن كېيىن ھاۋا بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى تاغ چوققىلىرىغا ئۇرۇلۇپ يالتىراپ تۇراتتى. ئاتىسى ئادەتتىكى دەرسنى تاماملىغاندىن كېيىن مۇشائىرە ئۇيۇشتۇردى. ئىقتىدارلىق تالىبلارغا شۇ مىنۇتتا كۆرۈلۈۋاتقان تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ھەققىدە قىسقا تەسۋىرىي شېئىر يېزىشنى كۆرسەتتى. شۇ قاتاردا ھېلىقى ئوغۇلمۇ بار ئىدى. ئوبداھەتەن① پارسچە ئىككى مىسرا يازدى:

ئەجسامى كوھىھاست نىھان گەشتە زىرى بەرىف،
چۇن پۇنبەدانە كى دەرپۇنبەھەست نىھان.

(تاغلارنىڭ گەۋدىسى قار ئاستىغا شۇنداق يوشۇرۇنۇپتىكى، گويا چىگىت پاختا ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك).

ئاتىسى ۋە مۇشائىرە ئىشتىراكچىلىرى بۇ شېئىرغا ئۈستۈن باھا بېرىشتى. مۇشائىرىدە بىرىنچىلىك ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ قالغان ئىدى. شۇندىن بىرنەچچە ئاي كېيىن باھار مەۋسۇمى كەلدى. دەشتۇ سەھرا، باغۇ بوستانلار گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن تولدى. ئون نەچچە كۈن ئىچىدە مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ... دېگەن تەخەللۇسنى قويۇپ، ئاتىسىغا سۇندى ۋە يۇقىرىدىكى شېئىر مۇناسىۋتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلگەن «بەرقى — چېقىن» تەخەللۇسنى چېقىننىڭ پال ـ پۇل قىلىپلا ئۆچۈپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتقاندا نامۇۋاپىقلىقتىن ئىزھار ئاتىسى بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇ شۇندىن كېيىن شۇ تەخەللۇس بىلەن يېزىپ كەلدى، كەلمەكتە ۋە كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئوغۇلنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى ھاياتى تازا تولۇپ يېتىشىپ كېتىپ بارغان ۋاقتى بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن قايغۇلىرىدىن ئازاد ھالدا باراقسان كۆكلەپ كېتىپ بارغان ياش نوتىغا ئوخشايتتى. باياشاد تۇرمۇش ئىچىدە تۇرۇش ئۈچۈن يېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئالىي بىنا، كونا باغ، يېڭى باغ دەپ ئاتالغان ئىككى باغ. بۇ باغلاردا ياقۇتسىمان گىلاس ۋە جىنەستىلەر، كەھرىبادەك ئالوبالۇلەر، جىگەررەڭ ئەينۇلىلەر، ھۆكەردەك ئېسىلىپ تۇرغان ئۈزۈم ساپلىرى. قىسقىسى يۈزنەچچە خىل مېۋە ... مېھرىبان ئاتا ـ ئانا، ئاستىدا قاناتلىق دەپ ئاتالغان كۆك بوز ئات ... لېكىن ئۇ بۇلارغا ئىلىمگە، كىتابقا قىزىققاندەك قىزىقمايتتى. ئۇ ئىش قىلاتتى، ئىشتىن قايتىش بىلەنلا يەنە مۇتائىلەگە بېرىلەتتى. شۇ ياشقا يەتكەندە بۇ ئوغۇل ئاساسەن شۇ ۋاقىتتا ئوقۇلۇۋاتقان ئۇلۇم② ئەرەبىيە ۋە پارسىنى تاماملىدى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ تۆۋەندىكى كىتابلارنىڭ بارىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى:

ئەرەب گراماتىكىسىدىن سەرىف، مۇزى، زەنجانى «تەسەررۇفنامە»③ ۋە شافىيە④، ئەرەب نەھۋىسىدىن⑤ ئەۋامىل كافىيە⑥، ھىدايەتۇل نەھۋە⑦، شەرھى موللا جامى، ئىلىم فىقھە⑧ دىن مۇختەسەر ۋە قايى⑨ شەرھۇل

---

① ئوبداھەتەن — بۇنىڭغا قارىتا.
② ئۇلۇم — ئىلىم ـ پەنلەر، ئىلىملەر.
③ تەسەررۇفنامە — ئەرەب تىلى گراماتىكىسىدىكى پېئىللارنىڭ قوللىنىش قانۇنىيىتى.
④ شافى — قېنىقارلىق.
⑤ نەھۋە — ئۇسۇل؛ سىنتاكسىس.
⑥ كافىيە — ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسى سۆزلىنىدىغان كىتابنىڭ نامى.
⑦ ھىدايەت — توغرا يول كۆرسەتمەك؛ توغرا يول ئىزدىمەك، تاپماق؛ ھىدايەتۇل نەھۋە — گراماتىكا يېتەكچىسى.
⑧ ئىلمى فىقھە — شەرىئەت ئىلمى.
⑨ مۇختەسەر ۋە قايى — ۋەقەلەردىن قىسقىچە بايان.

ۋەقايى[1] ھىدايە تەۋزىھغىچە[2] ئوقۇپ تەفسىرگە بېرىپ يەتكەنىدى.

ئەرەب ئەدەبىياتىدىن مىفتاھۇل ـ ئەدەب[3]، قىسسەئى بەر دەر قىسسە[4]، بانىت سۇئاد، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى نەمۇنىسى مەقامات جەۋھەرى[5]، مۇستەتەرەفۇن فى كۇللى فەننىن مۇستەزرافىن كەچكۇل[6].

پارس ئەدەبىياتىدىن: گۇلىستان، بوستان، كۇللىياتى جامى، بېدىل، يۇسۇپ زۇلەيخائى ھازىق، پەنج گەنجى خۇسرەۋ دېھلىۋى، ھافىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام، تارىخلاردىن: تارىخى تەبەرى، تارىخى جەبرەتى، رەۋزەتۇسسەفا، ئەخبارۇل ئالەمىل ئىسلامى[7] جاھان كۇشا[8]، بابىرنامە، تارىخۇل تەۋارىخ[9] لارنى كۆرگەن ئىدى.

تۈركىي ئەدەبىياتىدىن نەۋائى دىۋانى، نەۋائى خەمسەسى، بەياز، شاھنامەئىي فىردەۋسى، جەڭنامەئى ئابا مۇسلىم، جەمشىتنامە، بەرزۇنامە، جامىئۇل ھېكايات ۋە باشقا كۆپلىگەن ھېكايە كىتابلار.

دېمەك، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ياغ قويۇلۇپ، پىلتە سېلىنىپ تەييارلانغان پەقەت ئوت يېقىلسىلا پارلىداپ نۇر بېرىدىغان بىر چىراغ ھالىتىدە ئىدى. دېمەك، «گۇلنىساھ» سەرلەۋھىلىك ئۇ ماقالە بىر ئوت بولۇپ پىلتىگە يېقىلدى ـ دە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى نۇرلاندۇردى.

بۇ ئوغۇلنىڭ ياش تۇرۇپ بىر يىزا قىشلاقىدا بولغىنى ھالدا شۇنچىلىك ئۆسۈپ يېتىشۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئاتا تەربىيىسى ئىدى. ئاتىسىنىڭ بۇ بالىنى تەربىيىلەشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ مىسالى ئۈچۈن، بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. چۈنكى، بۇ ئىش ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا تەربىيىلىشىدە پايدىدىن خالىي ئەمەس.

بۇ ئىش شۇنداق: ئاتىسىنىڭ مەخسۇس ياتاق مېھمانخانىسىدىكى ئىشكاپلارنىڭ بىرىدە ھەر تۈرلۈك يېمەكلىكلەر ــ قەنت، ناۋات، ھەسەل، گۈلە ـ ياڭاقلار ساقلانغان بولاتتى. بىر كۈنى كەچتە بۇ ئوغۇل ئاچقۇچنىڭ ئىشكاپتا تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، بالىلىق تەقەززاسى بىلەن قەنت ـ ناۋاتلاردىن كۆپرەك ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ، ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قەستى ئاتىسى ئۇخلىغاندا ئالماقچى. كۈن پاتتى. ياتقۇ بولدى، ھەممە ياتتى. ئاتىسى سارايدا، ئانىسى بىلەن بۇ ئوغۇل ئايۋاندا. بۇ ئوغۇل ھەممە ئۇخلىدى دەپ ئويلاپ مېھمانخانىغا كىرىپ ئىشكاپقا ئاچقۇچ سالدى. قانچە ئاۋايلىغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە ئىشكاپ تاراقلاپ كەتتى. ئانىسى ئۇخلىمىغان ئىكەن، ئوغرى كىرگەن دەپ گۇمان قىلدى ـ دە، ئاتىسىنى قىچقاردى. ئوغۇل كەمالى قورقىنىدىن كاتىنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. ئاتىسى قولىدا قىلىچ بولغىنى ھالدا (ئاتىسى ھەر ۋاقىت بىر شەمشەر ۋە نەيزىنى يېنىدا قويۇپ ياتاتتى) ئەڭ ياۋۇز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ توغرا كېلىپ قالغىنىنى ئويلاپ (چۈنكى، بۇ ئۆيگە كىرگەن ئوغرى شۇ پەيتتە بۇ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن ئۆي ئىگىسىنى مۇكۈپ تۇرۇپ جايلاش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا بوش تۇرۇشقا بولمايتتى) ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋاز بىلەن نەرە تارتىپ، دەھشەت بىلەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. لېكىن، ئۆيدە ھېچكىم يوق، پەقەت ئىشكاپتا ئۆزىنىڭ ئاچقۇچى يىپلىرى مىدىرلىغان ھالدا تۇراتتى. ھە! دېدى ئاتىسى، بىر ئاز خاتىرجەم بولدىيۇ، لېكىن ئېھتىمال شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئايۋانغا

---

[1] شەرھۇل ۋە قايى ــــ ۋەقە شەرھلىرى، ئىزاھات.
[2] تەۋزىھ ــــ ئىزاھلىماق، روشەنلەشتۈرمەك.
[3] مىفتاھۇل ئەدەب ــــ ئەدەبىيات يېتەكچىسى، ئەدەبىيات ئاچقۇچى.
[4] قىسسەئى بەر دەر قىسسە ــــ قىسسىلەر توغرىسىدىكى قىسسە.
[5] مەقامات جەۋھەرى ــــ كۈي، ئاھاڭلار دەستۇرى.
[6] مۇستە تەرەفۇن فى كۇللى فەننىن مۇستەزرافىن كەچكۇل ــــ ھەرخىل قىزىقارلىق سەنئەت تۈرلىرىدىن تەرمىلەر.
[7] ئەخبارۇل ئالەمىل ئىسلامى ــــ ئىسلام ئەللىرى توغرىسىدىكى مەلۇمات.
[8] جاھان كۇشا ــــ جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى.
[9] تارىخۇل تەۋارىخ ــــ تارىخلارنىڭ تارىخى.

چىقىپ ئوغۇلغا قارىدى. ئورۇن بوش. شۇ ئارىدا كاتىنىڭ تېگىدىكى ھېلىقى ئوغۇلنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە ھاسىراپ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلدى.

— چىق!

ۋۇجۇدى خازان ۋاقتىدىكى ياپراقتەك لاغىلداپ چىقتى. غەزەپلىك ئاتا ئوغۇلنىڭ قولىدىن ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇپ مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىپ ئىشكاپنى ئاچتى، ئاي پالتىنى ئالدى ۋە دېدى:

— سەن ئوقىغان ـ ھە!

ئوغۇل جاۋابسىز تىترەپ تۇراتتى، ئانىسىمۇ يېنىدا يىغلايتتى.

— ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىدىغانلىقىنى بىلىسەن ـ ھە!

ئوغۇلنىڭ قولىنى زەگۇندا① غا قويدى ۋە ئاي پالتىنى شۇنداق ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ئۇردىكى، ئانا ـ بالا ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا ۋاي! ... دېگەن ئاۋاز چىقتى ...

ئوغۇل ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئاش ۋاقتى بولغان، كۈن نۇرى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇراتتى. ھوشىغا كېلىش بىلەنلا ئوغۇلنىڭ بىرىنچى ئىشى قولىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش بولدى. چۈنكى ئۇ قولۇم كېسىپ تاشلاندى، دەپ ئويلىغان ۋە ھوشسىز يىقىلغان، تۈن بويى ھوشسىز يېتىپ ئەمدى ھوشىغا كەلگەن ئىدى.

قولىنىڭ كېسىلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، قوناق سوقىدىغان ئۆيدە مەدەكنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى بايقىدى. كالتا ـ كۆسەي ياغاچ پارچىلىرى بىلەن تولغان بۇ ئۆيدە قاتتىق مەدەك ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان بولسىمۇ ۋايسىماي، ئەكسىچە قولىنىڭ ساق قالغانلىقىغا شۈكۈر قىلدى، لېكىن تىنچلىنالمىدى. چۈنكــــى، بۇنداق رەھىمسىزلارچە قاماپ قويۇش بىر جازادىن دېرەك بېرەتتى ... ئۇ شۇ قورقۇنچتا ئىشىك ئالدىدا مېھرىبان ئانىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ مۇشۇ زەئىپ ھالىنى كۆرۈش ئۇنىڭدا ئانىلىق مېھرىنى قوزغايدۇ، ۋاي بالام دەپ بېشىمنى سىلايدۇ، يىغلاپ دەردىمنى ئېيتىۋالىمەن، دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا ئىشىك غاچچىدە قاتتىق ئېچىلدى. نەدە ئۇ شەپقەت:

— قوپە! بېشىنى يەيدىغان شۇم!

ئوغۇل تىترىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— ماڭە!

ئالدىغا سېلىپ ئاخشامقى ئۆزى بىھوش يىقىلغان مېھمانخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەيتتى، نائىلاج كىردى. كۆردى، نېمىنى؟!

كەڭ داستىخان سېلىنغان، قەنت ـ ناۋات، ھەسەل، گۆلە ـ ياڭاق، ئامۇتلار تىزىلغان، بىر دەستە قاتلىما نان قويۇلغان، يېنىدا بىر چوڭ چۆگۈن تۇراتتى. ئاتىسى قولىدا كىتاب ئولتۇرغان، بالا ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى. ئاتىسى ئەرەب تىلى بىلەن خىتاب قىلدى:

— ئىجلىس (ئولتۇر)! — ئاتىسى خۇشى تۇتقاندا شۇنداق ئەرەبچە سۆز قىلاتتى.

ئوغۇل ئەيمىنە ـ ئەيمىنە ئولتۇردى.

— كۇل (يە)!

نەدە يېيەلىسۇن. يەنە خىتاب:

— كۇل!

ئۇ قول ئۇزىتىپ ناۋاتنىڭ ئۇۋۇقىدىن ئاغزىغا سالدى. ئانىسى چۆگۈندىن قويۇق قايماقلىق چاينى قۇيۇپ بىر قاتلىمىنى چىلاپ ئالدىغا قويۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئىچ، — دېدى ـ دە، كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن باشقا ياققا قارىۋالدى. ئاتىسىنىڭ «كۇل»، ئانىسىنىڭ «ئىچ ـ ئال» دېگەن خىتابلىرى ئارقىمۇ ئارقا

---

① زەگۇندا — بوسۇغا.

www.uyghurkitap.com

تەكرارلىنىپ تۇردى. ئوغۇل تولۇق غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن داستىخانغا دۇئا قىلىندى. دۇئادا ئاتا ـ ئانا ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلايتتى ۋە مۇشۇ بالىسى ئۈچۈن ئاللادىن ئىلىم ۋە سائادەت تەلەپ قىلاتتى.

ــــ ئامىن …

شۇندىن كېيىن ئاتىسى قولىدىكى كىتابنى بالىغا سۇندى ۋە باشلىدى:

ــــ بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم.

(خۇداغا مىننەتكىم ئۇنىڭ تائىتى يېقىن قىلۇر. ئۇنىڭغا شۇكۇر قىلىش نېمەتنى زىيادە قىلىدۇ. ئىچكىرى كىرگەن ھەر تىنىق ھاياتقا ياردەم قىلىدۇ، چىقارغان ھەر تىنىق زاتنى خۇش قىلىدۇ. دېمەك، ھەر تىنىقتا ئىككى نېمەت مەۋجۇد، ھەر نېمەتكە بىر شۇكۇر لازىم).

ئاتا ئوقۇتتى، ئوغۇل ئوقۇدى. دۇئادىن كېيىن ئاتا:

ــــ قۇم! (قوپ) ــــ دېدى.

ئوغۇل قوپتى.

ــــ كۈندە ناماز بامداتتىن كېيىن دەرس ئال!

ــــ خوش.

ئوغۇل شۇنداق خۇشاللاندىكى، قەلەم ئۇنى تەسۋىرلەشكە ئاجىز …

بۇ كىتاب ئىران شائىرى سەئىد شىرازىنىڭ «گۈلىستان»ى ئىدى. ھازىر ئاتىسىنىڭ بۇ بالىغا بەرگەن نۇسخىسى «شەۋقى گۈلىستان» نۇسخىسى بولۇپ، بەك چىرايلىق رەسىملەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئاستىدا چاغاتاي تىلىدا تەرجىمىسى بار، گۈزەل بېسىلغان، كۆركەم تۈپلەنگەن، كۆرگەنسېرى كۆرگىسى كېلىدىغان بىر كىتاب ئىدى. ئاتىنىڭ ئۆز بالىسىغا مۇشۇ مىنۇتتا ئوقۇش ئۈچۈن مۇشۇ نۇسخىنى تاللىشى بىر ياقتىن بالىنى كىتابتىكى ھېكايىگە قىزىقتۇرسا، يەنە بىر ياقتىن نەفاسەتكە[1] ۋە رەسىملەرگە قىزىقتۇرۇش ئىدى. ئاخشام شۇنداق دەھشەت بىلەن قورقۇتۇش، ئەمدى مۇنداق رەھىم ـ شەپقەت ياغدۇرۇش ئۇنى ئادەم قىلىش يولىدىكى تەدبىرى ئىدى. قاراڭلار! بۇ ئەقلىنى! بۇ تەدبىرنى! بۇ پەم پاراسەتنى! ئى ئەقىللىق ئاتا! …

ھەقىقەتەن ئىش ئاتىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. ئۇ ئوغۇل شۇندىن كېيىن بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىمگە بېرىلدى. ئويۇن ـ تاماشادىن ۋە باشقا ناشايان ئىشلاردىن ياندى. رۇخسەتسىز بىر جىگدە ئالمايدىغان بولدى. ئوقۇدى، يازدى، دېھقانچىلىق قىلدى. ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزدى. يىگىرمە ياشلىرىغا كەلگەندە شۇ ۋاقىتتا ئوقۇلۇۋاتقان ئەرەبچە ۋە پارسچىدا، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە شېئىرلاردا شەھەردە ئوقۇۋاتقان بىز ئېيتىپ ئۆتكەن مەرھۇم ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كېتىپ بارغان بىر سەۋىيىگە ئېرىشكەن ئىدى.

مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تالىپلارنى ئوقۇتۇشتىكى تەربىيە ئۇسۇلى يالغۇز بالىسىغىلا مۇشۇنداق ئەمەس، ھەممە شاگىرتلىرىغا ھەم شۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزام قاتتىق بولۇشتىن باشقا، سۆزلەشكەندە مۇلايىم، شەپقەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. تەربىيىدە ھەتتا شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، قىش كۈنلىرى تالىپلار ئارىسىدا «چىلىشىش» ئېلىپ باراتتى. شۇ قەدەر …

ئۆزىنىڭ يەتتە ئوغلىنى مۇشۇنداق تەربىيىلەپ، ئەرەبچە، پارسچىدىن مەلۇماتلىق قىلىپ ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگەن، بىر جاڭگال بويىدا ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە مىڭ ياش ۋەتەن بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا ئىمان، دىلىغا ئىلىم سېلىپ ئىنسان قاتارىغا قوشۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم يولىغا سەرپ قىلغان بۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ ئالىم ئاتىسىدىن كىچىك قالغان. ئانىسى بالامنى موللام قىلىمەن دەپ، ئىلگىرى تۇرۇپ قالسۇن، دەپ قويغان توختىئاخۇن دېگەن ئىسمىنى موللا ئاخۇنغا ئۆزگەرتىپ، ئۇن

[1] نەفاسەت ــــ نەپىسلىك، نەپىس ۋە گۈزەل بولماق.

ئالتە ياشقا كىرگەندە ھەرەمى مەككىگە ئوقۇش ئۈچۈن يولغا سالغان. موللا ئاخۇن ھەرەمدە يىگىرمە تۆت ياشقىچە سەككىز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. سەككىز يىلدىن كېيىن ئانىسى بىرىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا ئۇستازلىرى تولۇق ئالىم بولغانلىقى ئۈچۈن شاھادەتنامە تەقدىم قىلغان. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن شەھەردە بىر ئاز تۇرغان بولسىمۇ، شەھەر بايلىرىغا بويۇن ئەگمىسە ئورۇن يوقلۇقىنى بىلىپ، ھېچقىنىز بايلاردىن پاناھ تىلەشنى (نۇمۇس) بىلىپ، ئاتا مىراس زېمىنىغا قايتىپ كېلىپ، بۇ جايدا ئون ئالتە ھۇجرىلىق ئالىي مەدرەسە بىنا قىلىپ بىر مۇنچە زېمىنلارنى مەدرەسەگە ۋەقپە قىلىپ، باشقا موللىلار ۋەقپە يەپ تۇرۇپ ئوقۇتسا، بۇ ئالىم باشقىلارغا ۋەقپە بېرىپ تۇرۇپ ئىسارى ئۆلۈم① قىلىپ ئۆتتى. بۇ مەدرەسەگە قۇمۇل، تۇرپان، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن تالىبلار كېلىپ ئۈچ، تۆت يىل ئىستىقامەت② قىلىپ ئىلىم ھاسىل قىلىپ كېتەتتى. ئۆيدىن يۆتكەلمەس، كېچە ـ كۈندۈز كىتاب مۇتالىئە قىلار، شەھەرگە يىلدا بىر قېتىمغىنا كېلەر ئىدى. ئۆزىگە «خۇمۇلى» (بۇلۇڭدا ئولتۇرغۇچى) دېگەن تەخەللۇسنى بەرگەن ئىدى. تالىبلىرىغا ئەرەبچە ـ پارسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت ۋە ئۇيغۇرچە بويىچە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى تۈزۈپ ئوقۇتقان ۋە بۇخارا، قەشقەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن تالىبلار تېزلا ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىپ ئالاتتى. نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، لېكىن مەتبەئە يوقلۇقىدىن باستۇرالمىدى. بۇ جايدا ئەتىرگۈلنى مەدھىيىلەپ يازغان قەسىدىسىدىن ئېسىمدە قالغان تۆت مىسرانى كەلتۈرىمەن:

ھەر باھار بولغاچ كۆڭۈلگە خۇش كېلۇر دىلدار گۈل،
لېكىن ئاشىق كۆڭلىنى ئۆرتەر سەھەر گۈلنارى گۈل،
ھەر نەچۈك گۈل ۋەسفىنى③ قىلماققا رايىم يوق مېنىڭ،
بىر گۈلى ۋەسفىن قىلايكىم بارچەگە سەردارى گۈل.

ئۆمرىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مىراس زېمىندا دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن سېرىقتال تۇرمۇشتا كىشىگە موھتاج بولماي ئۆتكۈزدى. سەككىز ئوغلى، ئالتە قىزى بار ئىدى. 1951 ـ يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات ئەتتى. رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى...

بىز سۆزنى يەنە يۇقۇرىدىن باشلايمىز:

دېمەك «گۈلنىساھ» دېگەن سەرلەۋھىلىك (ماقالە) بىر ئوت بولۇپ يېقىلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى نۇرلاندۇرماقتا ئىدى.

ئۇ كىتابنى يېنىغا قويۇپ ئەتراپىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە قارىدى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز گۈزەللىك ئىچىدە تۇرماقتا (ئىدى). قۇياش ئۆز يولىنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېسىپ ئۆتكەن، نىلرەڭ كۆك گۈمبەزدە قويۇلغان كۈمۈش توپتەك لىغىلداپ نۇر چاچماقتا، يۇمشاق شامال شاخلارنى لەرزان ئويناتماقتا، گۈل غۇنچىلىرى بويىنىنى ئەگمەكتە، كۆلدىكى سۈزۈك سۇدا توزىغان قىزىل گۈل بەرگىلىرىنىڭ سان ـ ساناقسىز قىيىقچىلىرى ئۈزمەكتە، كېپىنەكلەر گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناشماقتا، باھار قارلىغاچلىرى ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا، قۇشلارنىڭ مۇسىقىۋى④ نازۇك ئۈنلىرى تەپەككۇر قۇشلىرىنىڭ پەرۋازلىرىنى تېزلەتمەكتە ئىدى...

ئۇنىڭ ئىلھام دېڭىزى دولقۇنلىنىشقا باشلاپ تۆۋەندىكى دۇرلەرنى نەزىم رىشتىسىگە تىزدى، غەزەل:

① ئىسارى ئۆلۈم — ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلىماق.
② ئىستىقامەت — توغرىلىق، ساقلىق؛ تۇرغۇنلۇق، چىداملىق.
③ ۋەسف — بىر كىشى ياكى بىر نەرسىنىڭ ھال ۋە كۆرۈنۈشىنى سۆپەتلەش، ماختاش، تەسۋىرلەش، مەدھىيىلەش، تەرىپلەش.
④ مۇسىقى — مۇزىكا، ساز، چالغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەي باھار قالغاچلىرى خۇشلۇقتا يايرايسەن ئەجەب،
چاك ئېتىپ سۇپسۇزۇك ھاۋانى شاد ئويناپسەن ئەجەب.
كەڭ فەزانىڭ[1] بوشلۇقىدا بىر - بىرىڭنى قوغلىشىپ،
شۇنچە كەڭ ئاسمان ئىچىگە ھېچ سىغمايسەن ئەجەب.
بۇ زەبەرجەد قەسرىنىڭ ماۋى بويالغان تاقىنى،
تېز ئۇچۇپ كېسىپ ئۆتۈپ بىر جايغا قونمايسەن ئەجەب.
ئېھتىمال يەتكەنمىكىن بىر نەۋباھاردىن خۇش خەۋەر،
شۇ قەدەر شوخ سەن بۈگۈن قىن - قىنغا پاتمايسەن ئەجەب.
كۆل بويىدا ئارزۇ گۈلزارىغا مەپتۇن بولۇپ،
تۇرغۇچى بۇ ياش ئوغۇل ھالىنى سورمايسەن ئەجەب.

يېزىپ بولغاندىن كېيىن خاتىرە دەپتىرىنى ژۇرنال بىلەن يانچۇقىغا سېلىپ باغدىن چىقتى ۋە جان ئانىسىغا ئات بېقىشقا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇپ، باقىدىغان ئاتلىرىنى ھەيدەپ جىگدىلىك يايلاققا قاراپ كەتتى.
لەرزان ئەسكەن شامال جىگدە دەرەخلىرىنىڭ كۈمۈش ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ مىس تەنلىرىنى ئېگىپ، زەئفىران رەڭلىك چېچەكلىرىنىڭ ئۆتكۈر ھىدىنى ئەتراپقا چاچماقتا، شۇ قەدەر كەڭ يايلاق پۈتۈنلەي خۇشبۇي بىلەن تولغان بولۇپ كۆكلۈكگە ھۇزۇر بېرەتتى.
ھاۋانى ياڭرىتىپ سايراۋاتقان كاككۇك ئۈنلىرى، سايراپ - سايراپ قاقىلداپ كۈلۈپ كېتىشلىرى، تورۇلغا ۋە تالغۇلارنىڭ مۇسىقىۋى ئاھاڭدىكى جەزبىدار (تارتىشلىق) سادالىرى، قۇشقاچلارنىڭ يېشىل بەرگلەر ئارىلاپ شاختىن - شاخقا قونۇپ قوغلىشىپ ئويناشلىرى ··· قەشقەر يېڭى شەھەر تەۋەسىدىن جەنۇبقا قارىغاندا ئەڭ يېقىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھىمالايا تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل بىر لەتافەت چاچاتتى. ئۇ ئاتلىرىنى يايلاققا قويۇۋېتىپ باراقسان كۆكلەپ كەتكەن سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

ئەجەب جان كۆيدۈرەر بىر ئۈن بىلەن سايرايسە سەن كاككۇك،
باھار شۇنچە گۈزەللىكتە! ··· ئارام ئالمايسە سەن كاككۇك.
قېنى ئۇ سۆيگۈنۈڭ زەينەپ! ئۇنۇڭ شۇنچە ئېرۇر ئوتلۇق،
ھارارەتلىك بۇ ئوت ئىچرە كۆيۈپ يانمايسە سەن كاككۇك.
قىلىپ پەرۋاز ھاۋادا، زادى يالغۇز يۈرگىنىڭ يۈرگەن،
دىلىڭدا سۆيگۈ سىرى بار، شۇڭا قورقمايسە سەن كاككۇك.
يېقىملىق ھەممىگە شاۋقۇن، جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازىڭ،
جاھان ئاشىق سادايىڭغا بۇنى ئۇقمايسە سەن كاككۇك.
ھەئە! ھەق سۆيگۈ ئەھلى مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر،
ھەقىقەتنىڭ بۇ ھۆكمىدىن سىرت تۇرمايسە سەن كاككۇك.

ئۇ مۇشۇنداق ئىلھام ۋە تەپەككۇرلار دولقۇنلىرى ئارىسىدا دېھقانچىلىقتا قارىشىش، ئات - ئۇلاغلارنى كۈتۈش، تارىخ - ئەدەبىيات كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ قانچىلىغان كۈن - ئايلارنى ئۆتكۈزدى.
مىش - مىش خەۋەرلەر كۆپ. مانا قومۇلدا ئىسلام ئېچىلىپتۇمىش، ئۈرۈمچى قامالدىمىش، خوجانىيازھاجىم دېگەن بىر ئۇستا مەرگەن باتۇر ئادەم باشلىق بولۇپتىمىش،

[1] فەزا ــــ ئوچۇقلۇق، ئالەم بوشلۇقى، ھاۋا.

تۇرپاندا سوقۇش بولۇپتىمىش ... مۇشۇنداق مىش ـ مىش خەۋەرلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبى سەيدگە[1] گە ئىنتىزار بۈركۈتتەك روشەن بىر خەۋەرگە ئىنتىزار بولغان ھالدا ياز ئايلىرى ئۆتۈپ كەتتى، كۈز كەلدى.

بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن قايتىپ قوناق ئورۇغان ئورغاقنى قويۇپ تۇرغىنىدا ئاتىسى كۇتۇبخانىدىن چىقىپ كەلدى. ئوغلىنى كۆردى ـ دە، ئوچۇق چىراي تەبەسسۇم بىلەن:

— تەئالە ياۋەلەد (كەل ئى ئوغۇل)، — دېدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۇتۇبخانىغا كىردى ـ دە، ئارقىدىن كىرگەن ئوغۇلغا بىر خەتنى بېرىپ:

— ئقراھ ۋە تەفەككۇر (ئوقۇ، ئويلا) — دېدى.

خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. مۇنداق يېزىلغان:

......

پازىل مۆھتىرەم ئۇستاز! كەمىنىلىرى جانابلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ مىزان[2] گە (دەرس بىرىنچى مىزاندا باشلىناتتى) ئۈلگۈرۈپ مەدرىسەگە يېتىپ بېرىشنى ئويلىغان ئىدىم ھەم شۇنداق ۋەدە بەرگەن ئىدىم. لېكىن بۇ جايدا — قۇمۇلدا ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىپ كەتتى. بۇنى تۆۋەندە يېزىپ ئۆتىمەن، بۇ شۇنداق:

بۇ يىل باھاردا بىزنىڭ ئارا تۈرك شەندە سالىھ باي دېگەن بىر ئابرۇيلۇق كىشىمىزنىڭ ئىپپەت پەردىسى ئىچىدىكى قىزىغا بىر نومۇسسىز ئىت نىجىس تومشۇقىنى ئۇزاتقان ئەھۋال كۆرۈلۈپ، نەتىجىدە چوڭ قوزغىلاڭ باشلىنىپ قۇمۇلنىڭ ھەمىيەت[3] دىنە ۋە مەلىيە بىلەن تولغان مۇسۇلمانلىرى قوللىرىغا قورال ئېلىپ جىھادقا ئاتلاندى ۋە غەلىبە قازىنىپ پۈتۈن ۋىلايەتنى ئىشغال قىلىپ، جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن خوجانىياز ھاجىنى باشلىق، جىنىنى تىكىپ ئىپپەت نومۇسنى قوغدىغان سالىھ باينى ئەسكەر باشلىقى قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتلەرنى ئازاد قىلىشقا بەل باغلىشىپ قۇمۇلدىن غەربكە قاراپ ئالغا يۈرۈش قىلماقتا. ھازىر بۇلار گۇچۇڭنى مۇھاسىرە قامال قىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇلارغا گەنسۇدىن تۇڭگانلار ماجۇڭيىڭ دېگەنىنىڭ باشچىلىقىدا كېلىپ قوشۇلدى. يېقىن كۈندە ئىسلامنىڭ غەلىبىلىك بايرىقى قەشقەر ھاۋاسىدا جەۋلان قىلغۇسى. كەمىنە شاگىرتلىرى ھازىر مۇشۇ ئىسلام ئوردىسىدا سەرمۇنشى[4] لىكنى بېجىرىپ تۇرۇپتىمەن. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز كۆرۈشۈشكە ئۈمىدۋارمەن.

قۇمۇلدىن تالىبلىرى ئىسكەندەر تاھىر
1351 نچى يىل 12 ـ رەجەب

ئاتا خىتاب قىلدى:

— قەرائەت (ئوقۇدۇڭمۇ)؟

ئىككىنچى بىر خەتنى ئېلىپ سۇندى:

— راقەرا ھەندا (بۇنىمۇ ئوقۇ)!

ۋۇجۇدى ھاياجان بىلەن تولغان ئوغۇل ئوقۇشقا باشلىدى:

.........

مۆھتىرەم ئۇستاز! كەمىنە تالىبلىرى ھۇزۇرلىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتىمىزدا ناھايىتى زور ۋەقەلەر يۈز بەردى. بەلكىم مەسمۇئلەرى[5] بولغاندۇر. پېقىرلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇمۇلدىكى ۋەقەلەردىن ئىلھاملانغان خوتەن مۇسۇلمانلىرى ھەبىبۇللا مۇپتى ئاخۇنۇم (1872 ،ھىجرىيە 1245)، ـ يىلى خوتەننىڭ مۇستەقىل سۇلتانى

---

① سەيد — ئوۋ، ئوۋلىنىدىغان جانىۋار، ئوۋ قىلماق.
② مىزان — ئۆلچەم، تارازا؛ كونا ئاسترونومىيىدە كۆكتىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ يەتتىنچىسى (9 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ)
③ ھەمىيەت — ئار ـ نومۇسنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداش.
④ سەرمۇنشى — باش كاتىپ.
⑤ مەسمۇئ — ئاڭلانغان، ئىشتىلگەن، قۇلاققا كىرگەن.

بولغان ۋە ياقۇپ بەگ بەدەۋلەت تەرىپىدىن ئالدام بىلەن تۇتۇلۇپ شەھىد بولغان ئا ئەۋلادىدىن نۇرمۇھەممەد ۋە نۇرەخمەد دېگەن ياش ئالىم قوماندانلىقىدا جىھاد ئەكبەرگە تەييارلىنىپ تۇرغاندا بۇلارنىڭ ئۇستازى سابىت داموللام ئابدۇلباقى جانابلىرى ھەرەمەيىن زىيارىتىدىن قايتىپ، لاداخ يولى بىلەن خوتەنگە كەلدىلەر. ھەممە بۇ كىشىگە بەيئەت قىلىپ بىر كېچىدە خوتەن شەھىرى قولغا ئېلىندى. ئونبەش كۈن ئىچىدە پۈتۈن خوتەن ئازاد بولدى. ھازىر جەمئىي غەفىر[1] ۋە خەلق كەسىر[2] يۈزمىڭدىن ئارتۇق ئەر - خوتۇن تەييارلىنىپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش ئالدىدا. كەمىنە تالىبلىرى ئەمىر كىبىر مۇھەممەدنىڭ مۇھاپىزەت قىسىملىرى ئارىسىدا مەن. ئوردويى[3] ئىسلام قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندا يول ئۈستىدە زىيارەتلىرىگە مۇشەررەف[4] بولۇرمەن. دۇئادىن فەرامۇش[5] قىلمىغايلا.

تالىبلىرى ئىلى ئاخۇن ئۆمەر مەھزۇم ئوغلى
1352 - يىلى 21 - جامادىيەل ئەۋۋەل خوتەن

— ئەھۋال مۇشۇنداق، — دېدى ئاتا جىددىي تۈس بىلەن ئوغلىغا قاراپ: — بۇ ئىشلار كىچىك ئىش ئەمەس، ئۆتمۈشتە سان - ساناقسىز باشلار كېسىلىپ قان بىلەن تۇپراق لايغا ئايلانغان. بۇ تۇپراقتا يەنە مىڭ - مىڭلاپ باشلار كېسىلىپ قان دەريالىرى ئاقىدىغاندەك تۇرىدۇ، ھوشيار بولۇش كېرەك. ئەمدى دەرس ئوقۇتۇش توختىدى. سەنمۇ بۇندىن كېيىن دەرس ئوقۇيالمايسەن، مۇندىن كېيىن مۇتالىئە بىلەن شۇغۇللان! كۆپلەپ تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇ، ئىبرەت ئال، غافىل[6] بولما! قۇم (قوپ)، ئۇخرۇج (چىق)، ئوت چاناۋاتقانلارنىڭ ئىشىغا قارا.

ئوغۇل چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتەك بىر يالقۇن ئىچىدە بۈيۈك بىر ھاياجان بىلەن تېپەتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن بۇندىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئۆزىنى جەلپ قىلغان مىللىي يول ژۇرنىلىدىكى خەۋەرنىڭ ھەقىقەتىنى ئېنىق بىلگەنىنىڭ تېشىدا، كۆرەش يانغىنىنىڭ قۇمۇلدىن خوتەنگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، قەشقەرنىڭمۇ يېقىن كۈنلەردە ئورنىدىن دەس تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. تۆۋەندىكى رۇبائىي ئۇنىڭ شۇ مىنۇتتىكى ئىلھاملىرىدىن بىرى بولدى:

كۆرۈڭلەر تۇرفە[7] غەيرەتكىم بېرىپ باشنى تۆكۈپ قاننى،
ئېچىپتۇر قەھرىمانلەر ئۆز ئېلىگە يېڭى دەۋراننى،
يېڭەلمەپتۇ قوراللىق دۈشمىنى بۇلەرنى ھېچ جەڭدە،
قاچان يامغۇر ئۆچۈرگەن بار، ئېتىلغان كاتتا ۋولقاننى.

(ئەسەر مۇشۇ رۇبائىدىن كېيىن توختىغان، خاتىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە تۆۋەندىكىدەك بىر ئابزاس بايان بار:)

شىڭ تۈرمىسىدىكى قاماقتا ئۇچراشقان بىر ئالىم بىلەن قۇمۇل ئىنقىلابى، خوجا نىياز ھاجى ھەققىدە ھەم بۇ ئىنقىلابقا ستالىن قولىنىڭ قانداق ئارىلاشقانلىقى، سېيىتھاجى نۇر ھاجى، ئابدۇقادىر ھاجى، ئىنىرسوف سالىكىن ۋە يەرلىك سىتىلدىلەر ھەققىدە ئورۇن بېرىلگەن بۆلۈم بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ باب قۇمۇل ئىنقىلابى ۋە شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشى لازىم.

① غەفىر — كۆپچىلىك، جامائەت، ئەلكۈن.
② كەسىر — كۆپ، تولا.
③ ئوردو — ئەسكەر، لەشكەر.
④ مۇشەررەف — شەرەپلەنگەن، شەرەپ تاپقان، ئۇلۇغلانغۇچى، شاراپەتلىك بولغان
⑤ فەرامۇش — ئۇنتۇماق، ئەستىن چىقارماق؛ فەرامۇش بولماق ، ئۇنتۇلماق.
⑥ غافىل — پەرۋاسىز، بىخۇد، غەپلەتتە قالغۇچى، خەۋەرسىز، بىلمەي قالغان.
⑦ تۇرفە — ئاجايىپ، ھەيران قالغۇدەك.

# نىيازى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇلغەرايىب» ناملىق ئەسىرى

پەرىدە ئەمىن

خوجىلار دەۋرى شىنجاڭنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا جاھالەت دەۋرى سۈپىتىدە خاراكتېرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خوجا جاھان زامانىسىدىن باشلاپ ئاساسەن يەكەن رايونىنى مەركەز قىلىپ، ئەرشى، فۇتۇھى، يەركەندى، ئۆمەر باقى ۋە قەشقەرى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىب - ئالىملار ۋەكىللىكىدە بارلىققا كەلگەن، نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى دەۋر قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئاساسىدىكى مەدەنىيەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دولقۇنى، خۇددى قاراڭغۇ تۈندە چېقىلغان چاقماققا ئوخشاش جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك بىر ئېقىمنى شەكىللەندۈردى ۋە يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلدى. بۇ ئۇزاق تارىخىي ئېقىمدا دۆلەت ئەربابى ۋە تالانتلىق شائىر خوجا جاھان ئەرشىدىن كېيىن مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ئۆسۈشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، بەزىلىرى تالانتلىق شائىر ۋە ئەدىب سۈپىتىدە تونۇلغان ئېۋەزبەگ، مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ، ئابدۇراھمان ۋاڭ (يەكەن ھۆكۈمرانلىرى)، ئەلىشىر ھېكىمبەگ، مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭ (خوتەن ھۆكۈمرانلىرى)، مۇھەممەد ئىبراھىمبەگ، زۇھۇرىددىن ھېكىمبەگ (قەشقەر ھۆكۈمرانلىرى)، مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭ (تۇرپان ھۆكۈمرانى) ۋە مۇھەممەد بەشىر ۋاڭ (قۇمۇل ھۆكۈمرانى) قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھامىيلىقى، مەدەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بىلالى، بەرشىدى، قاسىمى، قۇسۇرى، سىدىق يەركەندى، مەشھۇرى، نىزارى، زىيائى، غەرىبى، سەبۇرى، زۇھۇرى قاتارلىق ئەدىب، شائىر، تەرجىمان ۋە تارىخشۇناسلار مەيدانغا چىقىپ، بۇ قېتىمقى مەدەنىيەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دولقۇنىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلار تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ھەمدە ھەر خىل تۈردىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تۈنجى قېتىم ۋە بەزىلىرىنى قايتا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇئەييەن رول ئوينىدى. شۇنداقلا ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تۆھپىلەرنى ياراتتى. موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) ئەنە شۇلارنىڭ بىرى، «قىسسەسۇلغەرايىب» بولسا ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر.

نىيازىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئىنتايىن كەم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللاردا نىيازىنى خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دەيدىغان خەۋەرلەرمۇ، يەكەندە تۇغۇلۇپ، ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن ئۇچۇرلارمۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىر مەزگىل تۇرپاندا ئىستىقامەت ئەتكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەزلەرمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ماتېرىياللاردا 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك يازغۇچىلىرىدىن «نىيازى» تەخەللۇسلۇق ئىككى ئەدىبنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى ئايرىم - ئايرىم تىلغا ئېلىنىدۇ. نىيازىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار «نىيازى» تەخەللۇسلۇق ئىككى

www.uyghurkitap.com

ئەدىبنىڭ بىر دەۋر، ئورتاق ماكاندا ياشىغانلىقى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر تەخەللۇسنى قوللانغانلىقى، موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتە كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ ۋە ئاخىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا «نىيازى» تەخەللۇسلۇق ئىككى ئەدىب ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

1. «تارىخى رەشىدىي» ھەققىدىكى بىر قىسىم تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا، بۇ ئەسەرنىڭ 1837 ـ، 1838 ـ يىللىرى قەشقەر ھاكىمى زۇھۇرىددىن تاجىبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن موللا نىياز يەركەندى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. موللا نىياز يەركەندىنىڭ تەرجىمىسىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ كىتابنى بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئەڭ نادىر ئەسەر ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) «قىسسەسۇلغەرايىب» ناملىق ئەسىرىدە «تارىخى رەشىدىي» نىڭ تۇنجى قېتىملىق تەرجىمىسىگە ئائىت تۆۋەندىكى بايانلارنى يازغان:

... «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابنى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان يازغان بولۇپ، 951 ـ يىلى ① ئابدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامىغا بېغىشلانغان.

... ھالبۇكى، بۇ كىتاب ئەنقاغا ئوخشاش تېپىلمايدىغان ۋە كىمىيادەك نادىر كىتابتۇر ... بەلكى، بۇ كىتابنىڭ دۇنيادا مەۋجۇد ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم خەۋەردار بولمىسا كېرەك ... يۇقىرىقى سەۋەبتىن، سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى ... يەكەننىڭ مەشھۇر ھۆكۈمرانى ... ئابدۇراھمان ھاكىم بېگىم ... مەن ئاجىزغا خىتاب قىلىپ: «... بىر كىتاب بولغان بولسا ... موغۇل خانلىرىنىڭ نامى ئالەم سەھىپىسىدىن ئۆچمەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى دەۋرىمىز كىشىلىرىگە نامەلۇم بولۇپ قالمايتتى» دېدى.

«تارىخى رەشىدىي» نىڭ «روزىگار» كىتابخانىسىدا بار ئىكەنلىكىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ كىتابتىن بىر نۇسخا تېپىلدى ... لېكىن بۇ كىتاب مەھبۇبلارنىڭ چېچىدەك پاراكەندە ۋە ھەربىر سەھىپىسى ئايرىم بىر داستان ئىدى. ئابدۇراھمان ۋاڭ بۇ كىتاب ئۈچۈن تولا ئەپسۇسلىناتتى ۋە: «كاشكى بۇ كىتاب تەرتىپلىك بولغان بولسا، ساڭا ئۇنى تەرجىمە قىلىشنى بۇيرۇيتتىم. بۇ كىتابنىڭ يا ۋاراقلىرى بىر ـ بىرىگە چېتىلمىغان ياكى ھېكايىلىرى بىر ـ بىرىگە باغلاشمىغان. بۇنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇسام ساڭا ئېغىر كېلىدۇ ۋە ساڭا يۈز خاتىرە قىلمىغان بولىمەن» دەپ، بۇ ئىشنى ھاۋالە قىلىشتىن مەن ئاجىز بىچارىنى ئايايتتى ...

شۇ كۈنلەردە سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ يىگانىسى ... خوتەن دىيارىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىزۋاڭ ئىبنى ئابدۇراھمان ۋاڭ ھاكىم بېگىم ھۆكۈمەت تەختىگە چىقتى ۋە ... مەندەك بىر ئاجىز لاياقەتسىزنى ... خىزمەتكارلىرىنىڭ قاتارىغا ئالدى.

شۇ كۈنلەردە «تارىخى رەشىدىي» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى ھەزرىتى ئەزىز ۋاڭنىڭ ئالىي كىتابخانىسىدا بار بولدى. كىتاب باشتىن ـ ئاخىر نۇقسانسىز ئىدى. ئۇلۇغ پادىشاھ مەندەك لاياقەتسىز خىزمەتكارغا ئىلتىپات قىلىپ: «بۇ نۇسخا تېپىلمايدىغان نۇسخا ... كىتاب بىزدە بار بولسىمۇ، لېكىن تىلى پارسچە، شۇڭا بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم پايدىلىنالمايدۇ ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلمەيدۇ ... سەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلىشىڭ ۋە بۇ يولدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭ كېرەك» دەپ ئالىي پەرمان بەردى.

شۇنداق قىلىپ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىم ... ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىپ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلدىم» ②.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن «تارىخى رەشىدىي» نى تەرجىمە قىلغان موللا نىياز

يەركەندىنىڭ دەل موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) ئىكەنلىكىنى، ئۇ بۇ كىتابنى قەشقەر ھاكىمى زۇھۇرىددىن تاجىبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس بەلكى يەكەن ھاكىمى ئابدۇراھمان ۋاڭنىڭ خاھىشى ۋە ئابدۇراھمان ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. موللا نىياز مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابنى ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىكنىڭ (ئابدۇراھمان ۋاڭنى كۆرسىتىدۇ) بەختلىك ئورۇنباسارى ۋە ئىنسابلىق پەرزەنتىنىڭ (مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنى كۆرسىتىدۇ) نامىغا بېغىشلايمەن». ئېنىقكى، قەشقەر ۋە يەكەندىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا ئىككى ھۆكۈمرانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئوخشاش ئىسىملىك ئىككى ئادەمنىڭ بىر كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىدەك تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، بۇ نۇقتا نىيازىنىڭ قەشقەردىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتناشقانلىقى ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. «دىۋانى نىيازى» تونۇشتۇرۇلغان بەزى ماتېرىياللاردا مانجۇ ھاكىمىيىتى تۇرپان ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭنى قەشقەر ھاكىمى قىلىپ يۆتكىگەندە، ئەفرىدۇن ۋاڭ ئۆزىنىڭ لۈكچۈندىكى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ تۇرغان موللا بوساق نىياز ئىسىملىك بىر ئادەمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن، كېيىن قەشقەردە مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ[3] كۆتۈرۈلۈپ، مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭ سەۋدايى بولۇپ ئۆلگەندە، موللا بوساق نىياز ئىز - دېرەكسىز يوقالغان، دېيىلگەن ۋە «دىۋانى نىيازى» ئەنە شۇ موللا بوساق نىيازنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن، دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر ماتېرىيالدا «دىۋانى نىيازى» نىڭ خەتتات موللا فەتىھ قۇمۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىدىكى: «ھەزرەت تۇرفان جاساق مۇھەممەد ئەفرىدۇن چۈن ۋاڭ بېگىمنىڭ نىياز كىتابلىرى» دېگەن خاتىرىسىدىن دىۋاننىڭ تۇرپاندا پۈتۈلۈپ، مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭغا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن، دېيىلگەن. ئەمدى موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ «غەزەللەر» ماۋزۇسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار توپلىمىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىدا بولسا «دىۋانى نىيازى» موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ ئەسىرى، دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، ئەسەردىكى «نىيازى» تەخەللۇسلۇق ئاپتورلار ئايرىم - ئايرىم كىشىلەر ئەمەس، بەلكى دەل موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ ۋە نىيازىنىڭ تۇرپاندا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ياشاپ، ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ 1841 - يىلى تۇرپان ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭ قەشقەردىكى نىزارى، زىيائى ۋە غەرىبى قاتارلىق ئالىم - ئەدىبلەرنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، باشقا جايلاردىنمۇ ئەنە شۇنداق بىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلغان بولۇشى، شۇ جۈملىدىن نىيازىمۇ يەكەندىن تۇرپانغا كېلىپ، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى بىلەن تۇرپاندا خېلى بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «دىۋانى نىيازى» نىڭ موللا فەتىھ قۇمۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قارىغاندا ئەفرىدۇن ۋاڭ يۇقىرىدىكىدەك كىشىلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ماھىر خەتتاتلارنىمۇ ئۆز ئەتراپىغا توپلىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

3. شائىر ۋە تارىخچى سۈپىتىدە تونۇلغان «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى خوتەنلىك موللا نىيازنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ 1777 - يىلى تۇغۇلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ھالبۇكى، 1830 -، 1840 - يىللار ئۇنىڭ 50 - 60 ياشلىق مەزگىلى بولۇپ مەلۇم مەنىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، تالانت ـ ئىقتىدار جەھەتتە قىرانىغا يەتكەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ «دىۋانى نىيازى»، «قىسسەسۇلغەرايىب»، «تارىخى رەشىدى» نىڭ تەرجىمىسى قاتارلىق ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مەزگىللىرىدۇر. زامان، ماكان، ئىجادىي پائالىيەت ۋە ئىجادىيەت خاھىشى قاتارلىق ئورتاقلىقلار «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى بىلەن موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىنلىكىدەك ئېھتىمالنى چەتكە قاقمايدۇ. شۇنداقلا بىر ماكان، بىر زاماندا ياشاپ ئىجادىي ئەمگەك ئېلىپ بارغان ئىككى كىشىنىڭ بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز بولۇشى ۋە پەرقسىز ھالدا ئوخشاش تەخەللۇسنى قوللانغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق.

يۇقىرىدىكى مۇجمەل قاراشلار ئىچىدىكى ئورتاق نۇقتىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) 1780 ـ يىللاردا خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىكىدىن تارتىپ تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم ئىگىلەپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە تالانت ئىگىسى بولۇپ يېتىشكەن. ئۆز زامانىسىدىكى ئالىم ـ ئەدىبلەر قاتارىدا ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئۆمرىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۆز زامانىسىدىكى ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات سورۇنلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىستىقامەت ماكانى بولغان. موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) ھاياتلىقىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، «قىسسەسۇلغەرايىب»، «دىۋانى نىيازى» ۋە «نىيازى غەزەللىرى» ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر. ئۇ يەنە تەرجىمە ساھەسىدىمۇ خېلى نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ «تارىخى رەشىدى» نىڭ تەرجىمىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» نى موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ ئەسىرى دېيىشكە تېخى يېتەرلىك ئاساس بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تالانت ـ ئىستېداتىدىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ ئەسەرلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. نىيازى تەخمىنەن 1865 ـ يىللاردا، بەلكى ئۇنىڭ ياشانغان مەزگىلىدىكى يىللاردا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

نىيازىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ئېنىقسىزلىقلارغا كەلسەك، بۇنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

1. قارىغاندا، ياش ۋاقتىدىن تارتىپ دەرۋىشلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئادەت قىلغان نىيازى ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرىغا ۋە نام ـ ئاتاققا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەن. گەرچە ئۇ ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭدا «پانىي» دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە قارىتا ھېرىسمەنلىك ۋە نام ـ ئابرۇي قوغلىشىش خاھىشى قوزغالمىغان. ئەكسىچە بىر ئۆمۈر باش چۆكۈرۈپ بىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇر شۇڭغۇپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېرىلگەن. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا كۆرسەتكىنىدەك بىخۇدلۇق ئىچىدە ياشاپ، بۇنداق بىخۇدلۇقنى دۇنيانىڭ بارلىق راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن ئۈستۈن ھېسابلىغان:

بىخۇد ئەيلەرسەن مېنى ساقىي لەبالەب مەي بىلەن،
تاكى بۇ بىخۇدلۇغۇم قىلغايمۇ جاناندىن جۇدا.
قىلغالى دەفئى جۇنۇنۇم مەي تىلەر مەيخانەدىن،

كەم ئەمەس جەمشىددىن بىر مەي تىلەپ ئىچكەن گەدا.

ئۇنىڭ بۇنداق روھىي ھالىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تەركىدۇنيا-چىلىق تەرەپدارى ئىدى. بۇ تەرەپ ئۇنىڭ «قىسسەسۇلغەرايىب» تىكى قىستۇرما بايانلىرى ۋە شېئىرلىرىدىكى پەند - نەسىھەتلىرىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دېمەك نىيازى ئۆزىگە قەتئىي ئېتىبارسىز قارايدىغان ئاشىق سۈپەت ئادەم بولغان. موللا فەتھە قۇمۇلى تەرىپىدىن «دىۋان نىيازى» غا ئىلاۋە قىلىنغان:

«بۇ دىۋان ساھىبى موللا نىياز ئاشىق ئاخۇن،
مۇھەببەت جامىدىن مەي ئىچىپ باغرىن قىلغان خۇن»

دېگەن مىسرالارمۇ نىيازىنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شۇڭا بەزىلەر «ئاشىقى» نى ئۇنىڭ تەخەللۇسى دەپ ھېسابلايدۇ.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر بىلەن نىيازى ھاياتلىقىدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئانچە جەلپ قىلمىغان ھەمدە ئۆزى توغرۇلۇق زامانداشلىرىغا ۋە كېيىنكىلەرگە ھېچقانداق نىشان قالدۇرمىغان.

2. نىيازىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە مۇقىم ماكانى بولمىغان بولسا كېرەك. ئۇندىن باشقا تەركىدۇنياچىلىق تەرەپدارى بولغان نىيازى شەخسىي تۇرمۇشتىمۇ يەككە - يېگانە بولۇپ، ئائىلىۋى تۇرمۇش قۇرمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇنىڭ بىرەر جايدا مۇقىم ماكان تۇتماي «كۆچۈپ» يۈرۈشىگە يول قويمىغان ۋە پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىلىم ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشقا تولۇق ئىمكانىيەت بەرمىگەن بولاتتى. مەلۇمكى بۇنداق تۇرمۇش يولى ئۆتكەنكى بىر مۇنچىلىغان ئەدىب ۋە ئالىملارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش يولى بولغان ئىدى. نىيازى مۇشۇنداق سەۋەبلەرگە بىنائەن ئۇرۇق - ئەۋلادسىز قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ بىرەر ۋارىسى ئۇنىڭدىن كېيىن ھامان ئۇنىڭ ئىزىنى يوقاتمىغان بولاتتى. شۇنداق قىلىپ نىيازى گەرچە ئانچە ئۇزاق قەدىم زامانىنىڭ ئادىمى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولماي قالغان.

قانداقلا بولمىسۇن موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) تالانتلىق شائىر ۋە ئەدىب، تارىخچى ۋە تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر (نىيازى) نىڭ ئەسەرلىرى تېخى يېقىنقى يىللاردا كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالدى. «قىسسەسۇلغەرايىب» نىڭ قولىيازمىسى گۇيجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان بولۇپ، بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار تەرىپىدىن بايقىلىپ، ئۇنىڭ كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا قايتۇرۇپ كېلىندى. قولىيازمىدىكى بەزى ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئۇنى دەسلەپكى نۇسخا دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بەلكى ئۇ نىيازىنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. قولىيازمىنىڭ بايقىلىشى نىيازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش - تەتقىق قىلىشتىكى يېڭى قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

«قىسسەسۇلغەرايىب» مۇقەددىمە ماۋزۇسىدىكى ئازغىنە كىرىش سۆز ۋە ئۈچيۈز مىسرادىن كۆپرەك شېئىرىي خاتىمىدىن باشقا، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ «بىرىنچى قىسىمدا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن چىڭگىزخانغا قەدەر بايان قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى قىسىمدا چىڭگىزخاندىن ھۇمايۇن پادىشاھقا قەدەر سۆزلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى قىسىمدا ئالەمدىكى ئاجايىپ ئىشلار، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى

ھادىسىلەر، تىپلارنىڭ ئىشلىرى، سۆز ئۇستىلىرىنىڭ لەتىپە ۋە قىزىق سۆزلىرى» ④ بايان قىلىنىدۇ. ئەسەردىكى مەزمۇنلار «تەئرىخى ئەكبەر»، «رەۋزەتۇلجەنان»، «تەزكىرەتۇششۇئەرا» ۋە «نىگارىستان» قاتارلىق ئىناۋەتلىك مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە قىزىقارلىق ھېكايە ۋە لەتىپىلەرنى، ئىبرەتلىك ۋە ھېكمەتلىك مەسەللەرنى، مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق مۇناجاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقە ۋە رىۋايەتلەر ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم ھەربىي يۈرۈشلىرى، خارەزم دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە مۇھەممەد شاھنىڭ ئاخىرقى ھاياتى؛ ھۇمايون پادىشاھنىڭ شاھلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئۇنىڭ ئىران شاھى توھماس بىلەن بولغان ئالاقىلىرى، ئەتراپتىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن، جۈملىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇررەشىدخان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق ۋەقەلەر بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان تارىخىي رومان خاراكتېرلىك ئۆزگىچە ئەسەر. ئاپتور «قىسەسۇلغەرايىب» نى يېزىش جەريانىدا ھەربىر ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە كىشىلىك قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر مۇنچىلىغان پەند-نەسىھەتلىك قىستۇرما بايانلارنى بەرگەن. ھەربىر بابنىڭ ئاخىرىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك جايلاردا يەنە خۇلاسە خاراكتېرلىك چوڭ-چوڭ شېئىرىي پارچىلار بېرىلگەن. ئەسەردىكى قىممەتلىك مەزمۇنلارنىڭ بىرى «تارىخى رەشىدي» نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەرنىڭ كېيىنكى ھاياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى مۇپەسسەل تەپسىلاتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بايانلار كېيىنكىلەرنى مەلۇم جەھەتلەردە بىرقەدەر ئېنىقلىق ۋە توغرا ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەسەرنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، نىيازى قىستۇرما بايان شەكلىدىكى پەند-نەسىھەتلىرىدە ئۆزىنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسىنى مەلۇم ۋەقە ياكى ھادىسىگە باغلاش ئارقىلىق ئاشۇ ۋەقە ياكى ھادىسىدىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ پىكىرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەسەردە بىر قىسىم قەدىمكى ئەسەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەپسانىۋى پۈرىقى كۈچلۈك بايان ۋە تەسۋىرلەر، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن مۇبالىغە ئۇسۇلى ۋە قىيپالىڭاچ دىنىي تەرغىبات كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى گۈزەل ۋە راۋان، لوگىكىلىق، گرامماتىكىلىق قائىدىلەر بىرقەدەر تولۇق ئىپادە تاپقان، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، بىرقەدەر ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە. بۇ تەرەپلەر باشقا بەزىبىر كلاسسىك نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مەلۇم ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نىيازى ئەسەرلىرىنىڭ بايقىلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قىسەسۇلغەرايىب» ناملىق ئەسىرىنىڭ تېپىلىشى نىيازىنىڭ ئىجادى ۋە ھاياتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا، شۇنداقلا 18-، 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنى چۈشىنىشتە بىزنى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. نىيازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر پارلاق نامايەندە.

① ھىجرىيە 951-يىلى —— مىلادىيە 1544-1545-يىلى.
② «قىسەسۇلغارايىب» دىن ئېلىنغان بۇ پارچىدا كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر قىسقارتىلدى.
③ قىرغىزلاردىن سىدىقبەگ باشچىلىقىدىكى 1864-يىلى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ.
④ «قىسەسۇلغەرايىب» تىن ئېلىنغان سىتاتا.

# كاتتا شەرقتىن كاتتا غەربكە يول

## — نەۋائىنىڭ «فەرھاد – شىرىن» داستانى توغرىسىدا

ئىبراھىم غاپۇروۋ

سىنى خالاس ئېتەر يېڭى يول ئايان –
قورقىنىمنى كۆرۈپ سۆز باشلىدى ئۇ،
ۋەھشەتلىك ئۇۋۇڭغا قايتما ھېچقاچان ...

دانتې «دوزاخ»، 91 – بەنت

* * *

ھە، بۇ داستان سوغۇق مۇلاھىزىلەردىن ئەمەس، ئاددىيغىنا ئىجادىي نىيەتلەر ھەمدە ھېساب كىتابلاردىن ئەمەس، ئىشقتىن، شائىرنىڭ ھەقىقىي ئىشقىدىن تۇغۇلدى. نەۋائى «فەرھاد – شىرىن» نى يېزىشقا ئولتۇرغاندا قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. مانا شۇ مەزگىللەردە شائىر ئۆز بېشىغا «ئىشقى بەلاشور» چۈشكەنلىكىنى ۋە ئۇ جېنىنى قىيىنىغانلىقىنى يازىدۇ:

يەنە بائىس شۇكىم، ئىشقى بەلاشور،
بىر ئوتتىن ئەيلەپ ئەردى جانىمەزور.
تىلىم خۇد بار ئانىڭ تەئرىفىدە لال،
قىلاي خامەم تىلىدىن شەرھى ئەھۋال.
ھەزىن جانىمدا بار ئەردى، بەلايى،
بەلالىغ ئىشق ئىلە ھەر يان ھەۋايى.
بىراق ئىشقى سالىب جانىمە ئەندۇھ،
مۇشەققەت تاشى يۈكلەپ كۇھتا كۇھ ...

شائىر بۇ پەرىۋەشتىن دىۋە زۇلمىنى كۆرگەنلىكىنى، يۈرىكى ئىشق مېھنىتى جاپالىرى، غەملىرىدە ئۆرتەنگەنلىكىنى ۋە بىر ئايدىن بېرى شۇ ھال داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى شادلىنىپ تۇرۇپ يازىدۇ. مەشۇقىنىڭ رەھىمسىز قىلىقلىرىنى سېزىدۇ. «چۇ مەشۇق ئەھلى ئەمەستۇر، چارە خۇشتۇر» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ ۋە ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ ھەرىكەتچان قۇدرىتى ھەققىدە ئۇلۇغ داستان يازىدۇ.

* * *

بۇ داستان روھىي شۆھرەتپەرەسلىككە قارشى داستان. ئۇ شۆھرەتپەرەس دۇنيادىن، تارلىقتىن، بېكىكلىكتىن كەڭرىلىككە، ھۆرلۈككە، بەركامال ئىنسانىي ھۆرمەت – ئېتىبارغا ئېرىشتۇرگۈچى نىيەت، مەقسەتلەر بىلەن ياشاشقا چاقىرىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئۈگىتىدىغان، ئېپىك خىيال بىلەن پۈتۈلگەن داستان. ئۇ ئالەمنى، روھ دۇنياسىنى بىلىش داستانى.

ئىنسان دۇنيادىن مەنىۋى كور بولۇپ ئۆتمەسلىكى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرمەك، بىلمەك، ھەرىكەت قىلماق، ھەممە يەرگە ئىزگۈلۈك ئۇرۇقلىرىنى چاچماق بۇ داستاننىڭ شوئارى.

فەرھاد نەپسانىيەت نۇقتىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، قانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلسا خالىغىنىچە ھازىر بولغان مۆھەببەت ھەم شارائىتتا دۇنياغا كەلگەن. چىن خاقانىنىڭ مەملىكىتىمۇ، قوشۇنىمۇ، دەپنىسى - دۇنياسىمۇ چەكسىز. شۇنداق نەفسانىي ئىمكانىيەتلەر ئىچىدە فەرھاد دائىم ئۆزىنى بوغۇلغاندەك سېزىدۇ. دائىم غەم ئىچىدە ناشاد يۈرىدۇ.

ئەسلىي بۇ روھىي ھالەت پەرۋاز دەردىدۇر. فەرھاتنىڭ مەرىپەتلىكى، پاك يۈرىكى پەرۋاز تىلەيدۇ، پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. تىلىكى ھە دېگەندە روياپقا چىقمىغۇرمىگەچ، ئۇنىڭ دىلىغا مەڭگۈ يوقالمايدىغان پەرۋاز قىلىش دەردى ئورنىشىدۇ.

فەرھاد خاقان مۈلكىدە ئىمكانىيىتى قانچىلىك يار بەرسە شۇنچىلىك كۆپ ئىلىملەرنى ئۆگەندى، ئىنسان ھۈنەرلىرىگە قىزىقتى. ھەرقانداق ھۈنەردە تەڭداشسىز ماھىر بولۇپ يېتىشتى. تارىخ كىتابلىرىنى، جاھاندا پۈتۈلگەن ئىشق داستانلىرىنى ئوقۇدى ۋە ياد ئالدى.

لېكىن، دەردى يەڭگىللەشمىدى، ئەكسىچە بەتتەر كۈچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدى پەرۋاز دەردىگە ئىشق دەردى كېلىپ قوشۇلدى. بۇ نامەلۇم ئىشق ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، فەرھادنىڭ جىنىنى نامەلۇملۇق ئۆرتەيدۇ، ئۇنىڭغا بىر مىنۇتمۇ ئاراملىق بەرمەيدۇ. شاھ مۈلكىنىڭ ئەيش - پاراغەتلىرىدىن يۈرىكى «تارس» قىلىپ يېرىلاي دەيدۇ. شەخسەن ئۇ ئەيش - پاراغەتنىڭ ئادىمى ئەمەس، لەززەتپەرەسلىك ئۇنىڭغا روھىي بېسىمدىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

شۇنداق چاغدا فەرھادنىڭ كۆزلىرى ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى ئىسكەندەر ئەينىكىگە چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئەينەكنىڭ كەينىگە يېزىپ قويۇلغان خەتنى ئوقۇيدۇ.

بۇ فەرھادقا ئاتالغان خەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن سىرلىق تەقدىر ھەققىدىكى خەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە قېتىم بۇنداق تەقدىر خەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ... بۇ خەت فەرھادنىڭ سەپەر قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

فەرھادنىڭ ئالدىدا مەقسەت يولى ئېچىلىدۇ، يۈرىكىگە مەقسەت ئورنىشىدۇ.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەقسەت يولى ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەقسەت ئورنىشىدۇ. ئۇ مەقسەت كىشىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەمدى ئۇ ئۆز مەقسىتى يولىدا ھېچ نەرسىدىن قايتمايدۇ، ئارقىغا چېكىنمەيدۇ. بۇ خەت ئۇنىڭغا ئۈچ ئاپەت ۋە ئۇنى يېڭىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ مەرىپەتنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يولى. شەرقتىن غەربكە بارىدىغان يول ئىدى. كاتتا شەرقتىن كاتتا غەربكە، فەرھادنىڭ يۇنانغا بارىدىغان يولى ئىدى. نېمىشقا باشقا بىرەر مەملىكەت ئەمەس. دەل شۇ يۇنان - ھە! ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ گۇمانىستلىرى نەزىرىدە يۇنان مەرىپەت ھەمدە ھېكمەت ئۆلكىسى ئىدى. جاھانغا سوقرات، پىلاتون، ئارستوتېل، زېنان، فالېس، گېپىئور، ھومېر كەبى گېنئال ھەكىملەر ۋە ئالېكساندىر ماكېدونسكى كەبى تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان كىشىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن نۇرانە دىيار ئىدى. نەۋائىي پىلاتون ۋە ئارستوتېل پەلسەپەسى تىرەنلىكلىرىنى چوڭقۇر بىلگەن ۋە يۈرىكىدە يۇنان مەدەنىيىتىگە ئۇلۇغ ھۆرمەت يېتىلدۈرگەن دۇنياۋى كەڭلىكلەردە تەپەككۇر قىلغۇچى زات ئىدى.

ھېكمەت ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئىدىيالى ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمانى فەرھاد ھېكمەتنىڭ پارلاق يولىدىن يۇنانىستان تەرەپكە بارىدۇ. سىرلار ئالەمىنى يۇنان تەرەپلەردە ئاچىدۇ ۋە كەشىپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنداق سىرلارنى ئېچىشقا دەۋەت قىلىنغانىدى. فەرھادنىڭ ئىستىكى ۋە مەقسىتى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىستەك. لېكىن ئۇ ئىستىكىم شۇ دەپ ئەدەپسىزلىككە يول قويمايدۇ. ئاتىسىغا كۆڭلىدىكى نىيىتىنى توغرىدىن توغرا ئېيتمايدۇ، بەلكى دانا ۋەزىر مۇلكئارا ئارقىلىق ئېيتىدۇ. بۇ يەردە بىز مۇئامىلە قائىدىسىگە ئەپچىللىك بىلەن رىئايە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. فەرھاد ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەپ ئىلمىنى تىرەن ئىگىلىگەن زات. ئۇ «ئاتىلىق ھەققى ئارىدا بار» ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمايدۇ. مۇبادا ئاتىسى ئۇنىڭ يولغا چىقىشىغا رازىلىق بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئوتتۇرىدىكى ئەدەپ پەردىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكىنى ئىستەيدۇ. ئاتىنىڭ يۈزىگە تىك بېقىش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي زىت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوتتۇرىغا مۇلكئارانى قويىدۇ.

لېكىن ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە تەقدىر ھۆكمىنى ئاتا ھۆكمىدىن، رازىلىقتىن يۇقىرى، دەپ بىلىدۇ.

ئاتەپ باشىم، دېمەي ئاباد ۋەيا چۆل،
ھەمول مەقسەد سارى تۇتتۇم ئۇدۇل يول.
يولۇمدا دېۋدۇر، گەر ئەجدەھادۇر،
تىلىسىم ئىچرە ئەگەر يۈزمىڭ بەلادۇر،
يۇمۇب بارچە تەھاشىدىن كۆزۈمنى.
ئول ئاپەتلەرگە مەن ئۇرغۇمدۇر ئۆزۈمنى …

مانا شۇنداق ھالەتتە ئاتا ئوغۇلغا، ئوغۇل ئاتىغا مۇناسىپ يول تۇتىدۇ. خاقان ئوغلىغا سەپەردە ھەمراھ بولۇشقا قارار قىلىدۇ. مۇلكئارا ئاتا مۇددىئاسىنى فەرھادقا يەتكۈزىدۇ. دەل مانا شۇ يەردە نەۋائى داستانغا بىرىنچى قېتىم مۇرۇۋۋەت سۆزىنى ئىشلىتىدۇ.

بىلىپكىم، گەر دېسە، يالغۇز بارۇرمەن،
بۇ ئىشنى ئۆز قاشىمدىن باشقۇرۇرمەن.
ئەمەس ئول ئىش مۇرۇۋۋەت مۇقتەزاسى،
بولۇر ئول غەمدە مۇستەسىل ئاتاسى …

فەرھاد تەقدىر تەقەززاسى تەيىنلىگەن يولدىن بېرىپ ئۈچ ئاپەتنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەجدىھانى يېڭىپ، ئەفرىدۇن خەزىنىلىرىنى، سىرلىق قىلىچ بىلەن قالقاننى قولغا كىرگۈزىدۇ. ئەسلىتىپ ئۆتمەك زۆرۈركى، بۇ قىلىچ ھەم نەۋائى ئىددىئالىغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ پەقەت زالىملارنىڭ بېشىنى كېسىدۇ، بىگۇناھ كىشىلەرگە تەسىر قىلمايدۇ … ئاخىرىدا، فەرھاد ئەھرىمەن دىۋىنى ئۇنىڭ مەشئۇم ئۆرمىنىدا يېڭىدۇ ۋە سۇلايمان ئۈزۈكىنى تاپىدۇ. نىھايەت، ئۇ ئىسكەندەر تىلسىمىنىڭ سىرىنى ئاچىدۇ. بىز بۇ يەردە نەۋائىنىڭ بۈيۈك فانتازىيە ئارقىلىق ھازىرقى مۇرەككەپ راباتلارغا ئوخشاش غايەت زور مۆجىزىلىك مەخلۇق ئوبرازىنى يارىتالىغانلىقىغا گۇۋاھ بولىمىز. نەۋائى بۇ تۆمۈر تەنلىك راباتلارنى ئۆپچىن دەپ ئاتايدۇ. ئۆپچىنلەرنىڭ كۆكرەكلىرىدە غەلىتە چىراغ يېنىپ تۇرىدۇ. فەرھاد شۇ چىراغقا ئوق ئېتىپ، سىرلىق قەسىر ئىشىكلىرىنى ئېچىشقا ۋە جەمشىد جامىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ …

فەرھاد بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يۈرىكىدە مۇشكۇللەرنى ھەل قىلىش ئىشتىياقى يېنىپ تۇرغىنى ئۈچۈنلا ئېرىشتى.

ھە، خۇددى شۇنداق! ئىنسان ئالدىدا تۇرۇشى مۇمكىن بولغان مۇشكۇللەرنى ھەل قىلىش ئىشتىياقى! بۇ قەھرىمانلىقلارنى ئادەتتە دىنىي مىستىك مۆجىزە قىلىپ كۆرسىتىش دەپ قاراش نەۋائىنىڭ ئۇلۇغ غايىسىنى ئاڭلىماسلىق، ئۇنىڭ ئەجابىي غايىسىنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىش بولۇپ قالىدۇ.

فەرھادنىڭ يېگىرمە يېشىدا بۇنداق مۆجىزىلەرنى ئېچىش ئىشتىياقى نەقەدەر تەبىئىي – ھە. نەۋائى قەھرىماننىڭ رومانتىك تەبىئىتىدىكى بۇ ئىشتىياقنى ئاجايىپ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئادەم بالىسى بۇ ياشتا ئۇزاق ئۆلكىلەرنىڭ رومانتىك خىياللىرى بىلەن ياشايدۇ، غەلىتە مۆجىزىلەرگە ئۇچراشنى ئىستەيدۇ،

كەشپىياتلار قىلغۇسى، قەھرىمانلىق كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ! نەۋائى فەرھادنىڭ ياشلىق ئىشتىياقىنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن نازۇك ئاساسلايدۇ. ئۇ ئۆزىنى، ياشلىقىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، غەيرىتىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي تۇرغان بىر چاغدا تەقدىر ئۇنىڭغا سەپەر يولىنى كۆرسىتىدۇ.

فەرھادنىڭ يولى جاسارەت يولى. ياق، بۇ جاسارەتتىنمۇ مۇھىمراق ئىنسانپەرۋەرلىك يولى. ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ ئاساسىي بەلگىلىرىدىن بولغان ئىنسانىنى ئىنسان قىلغانمۇ مۇرۇۋۋەت يولى ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدىھانى يېڭىشى مۇرۇۋۋەت. دىۋىنى قەتلى قىلىشى مۇرۇۋۋەت. تىلسىمنى ئېچىشى مۇرۇۋۋەت. فەرھادنىڭ بۇ ئىشلىرى ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت مەنپەئەتلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئىنسان ئەقىل ـ ئىدرىكىنىڭ مۆجىزىلىك مېۋىلىرىنى جاھالەت ھەمدە رەزالەت ئاسارىتىدىن خالاس قىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭغا يولۇققان ئەجدىھا ئەجدىھا ئەمەس، جاھالەتتۇر. دىۋە دىۋە ئەمەس، رەزالەتتۇر. فەرھاد ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇلۇغ مېۋىلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى ۋە يەنە ئادەمىي خەلققە قايتۇردى.

نەۋائى فەرھادنى خىيالەت (خىياللار) ئالىمى ئىچىگە ئېلىپ كىرەر ئىكەن. بۇ ئالەمنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە تەسۋىرلەشتە ئۆزگىچە ئوبرازلار ۋە بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىدۇ.

فەرھاد ئۇچۇن سىرلىق ئالەم ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدە جاھاننەما ئەينىكىگە دۇچ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى خەتنى ئوقۇشتىن باشلانغان ئىدى. نەۋائى شۇنىڭدىن كېيىن قەھرىماننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ۋە قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىنى يېزىش بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ بارىدۇ. بۇ يازمىلار پەقەت خىيالەت ئالىمى كارتىنىلىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇلار: 1) ئىسكەندەر ئەينىكى كەينىگە يېزىلغان خەت. ئۇ فەرھادقا يۇنان يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 2) ئەجدىھا غارىدىكى تاش ئۈستىگە يېزىلغان بىرىنچى خەت. ئۇ فەرھادقا يوشۇرۇن خەزىنىنى ئېچىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 3) خەزىنە ئىچىدىكى سىرلىق قىلىچ ھەمدە قالقان ئۈستىدىكى خەت. ئۇ فەرھادقا قىلىچ بىلەن قالقاننىڭ خاسىيىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەھرىمەن دىۋىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىشارەت قىلىدۇ. 4) دىۋە قەسرى ئىشىكىنىڭ چەتلىرىگە يېزىلغان خەت. ئۇ فەرھادقا سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ سىرىنى مەلۇم قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ سىرلىق خەتلەر پەقەت خىيالەت ئالىمىدىلا مەۋجۇد. داستاننىڭ باشقا رېئالىستىك كارتىنىلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. نەۋائى ئۇلاردىن ۋەقەلىكنىڭ سىرلىقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ، ئۇلارغا مۆجىزىلىك تۈس بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۆھپىلەر يولىنى ئاچقۇچى بۇ خەتلەر فەرھادقا مەلۇماتنامە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

نەۋائى خىياللار ئالىمىگە يەنە خاراكتېرى كۈچلۈك رەھنەما بوۋايلار ئوبرازلىرىنى ئېلىپ كىرىدۇ. بۇلار داستاندا سۇھەيلا ھەكىم، كۆك كىيىملىك كىشى، سوقرات ھەكىملەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئالەم سىرلىرىنى ئۇنىڭ مەلۇم نۇقتىسى، توغرىراقى چېگرىسىغىچە بىلىدۇ ۋە شۇ چېگرىدىن نېرى ئۆتۈشمەيدۇ. ئۇلار فەرھادقا ھەقىقەتنى ئېچىش، مۆجىزىلەرنى كەشىپ قىلىش، جاھالەت ۋە رەزالەتنى يېڭىش ۋە نەھايەت ھەقىقىي ھەمدە مەجازىي مۆجىزىۋى ئىشق يوللىرىنى كۆرسىتىپ، شۇ يوللاردىن بېرىشقا ئۈندەپ، رەھنەمالىق قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ باش قەھرىماننى ئاگاھ قىلغۇچى ئوبرازلار دەپ ئاتاش توغرىراق بولىدۇ. ئۇلار فەرھادنىڭ بىلىمىنى دەرىجىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە مەدەنىي سەۋىيە بېغىشلايدۇ.

فەرھاد يەنە بىر مەنىدە مەدەنىيەت ۋە ئاۋاتلىق كەلتۈرگۈچى قەھرىماندۇر.

ئۇ گۈزەل ئەرمىنىيەدە ئىشقىنىڭ ئاھلىرىنى چەككىنىچە يۈرگىنى يوق.

فەرھاد بۇ يەردە تاغۇ تاشلار ئارىسىدىن يەتمىش چاقىرىملىق ئۆستەڭ قازىدۇ. نىجات ھەۋزىسىنى ياسايدۇ. شىرىنگە ئالىي قەسىر بىنا قىلىدۇ. سۇسىز قاغجىرىغا يەرلەرنى نىمەت بىلەن ئاۋات قىلىدۇ، روشنالىق ۋە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. ئاددىي خەلقنىڭ مېھنىتىنى يېنىكلىتىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇلۇغ مۇرۇۋۋىتىدىن تۇغۇلغان مەدەنىي ئىشلاردۇر. شۇ مۇرۇۋۋەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىشقى يەنىمۇ جەزبىلىكرەك، ئىشلىرى مەدەنىي قەھرىماننىڭ ئىشلىرىدەك كۆرۈنەرلىك بولۇپ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

شىرىنمۇ ئۇنى پەقەت كېلىشكەن يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلۇغ ھۈنەرگە، ماھارەتكە، ماھارىتىدە تەڭداشسىز شىجائەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن سۆيۈپ قالىدۇ. فەرھادنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭ گۈزەل قەلبىدە مۇنداق پەلسەپە تۇغۇلىدۇ:

ماڭا نە يارۇ نە ئاشىق ھەۋەستۇر،
ئەگەر مەن ئادەم ئولسام، ئۇشبۇ بەستۇر.

بۇ پەلسەپە — ياشاش يولى فەرھادنىڭ ياشاشتىن كۆزەتكەن مەقسەتلىرى ۋە ئىزدىگەن مەنىلىرىگە تولىمۇ ئۇيغۇندۇر.

فەرھادنىڭ ئۈچىنچى مۇرۇۋۋىتى شىرىننىڭ يۇرتىغا باستۇرۇپ كەلگەن خۇسرەۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە نامايەن بولىدۇ. فەرھاد ئىشق يولىدا تاجاۋۇزچىلىق قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. ئۇ خۇسرەۋنى ۋە ئۇنىڭ سان - ساناقسىز قوشۇنلىرىنى يېڭىش مۇمكىنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ بىر تاش ئېتىپ، خۇسرەۋ دۇبۇلغىسىنىڭ تۇغىنى ئۇچۇرۇپ چۇشۇرۇۋېتىدۇ. ئىككىنچى تاش بىلەن ئۇنىڭ بايرىقىنى غۇلىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۈشمەننى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىيالايدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ، لېكىن دۈشمەن چېكىنمەيدۇ. فەرھاد بولسا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خىيالىغا سىغدۇرالمايدۇ. ئۇ ياۋۇزلۇق بىلەن ئامالسىز جەڭ قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئادەم بىلەن ئەمەس، ئىنسان ئۇنىڭ نەزەرىدە شەرەپلىك زات. ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فەرھاد دۈشمەننى شىرىننىڭ قەلئەسىگە يېقىن كەلتۈرمەسلىك بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇ چاغدا جاھالەت ۋە رىزالەت ھەمكارلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئىشق ھەمدە ئالىي ۋىسال يولىغا توسقۇن بولىدۇ.

فەرھاد ئىنسانغا زوراۋانلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇنداق ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەسلا ئاجىزلىق، زەئىپلىك بەلگىسى ئەمەس، ئەكسىچە، ئىنسان ئېرىشىشى كېرەك بولغان ئەڭ يۈكسەك قۇدرەت ۋە كامالەتنىڭ دەرىجىسىدۇر.

فەرھاد ئۆزى ئېرىشكەن ۋە بىز 20 - ئەسىر ئادەملىرىگىمۇ ئىبرەت بولارلىق پەزىلەتلىرى بىلەن تولىمۇ شۆھرەتلىك قەھرىماندۇر.

ئۇ داستاننىڭ ئاخىرىدا تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا تەبىئەت كۈچلىرىگە يۇلتۇزلار، سەييارىلەر، شاماللار، ئاھۇلار، تاغۇ تاشلارغا مۇراجىئەت قىلىشى، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىش، مۇكەممەل ۋۇجۇدقا ئايلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىختىراسىغا مەرىپەت ۋە مەرىپىتىدە ئالىي ئىختىراس مۇجەسسەمدۇر. فەرھاد ئىشقى مۇھەببەتنىڭ ئەبەدىي ئۆچمەس يالقۇنلۇق ئوتى بولسا، شىرىن شۇ ئوتنىڭ قىزىل ئۇچقۇنى ۋە غۇنچىسىدۇر.

نە بەختكى، ئۇلار بىزگە، ئەدەبىياتىمىزغا 20 - ئەسىردە ھامان جىلۋىدار شولىلىرىنى ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ شولىنىڭ ئۆمرى بەربات بولمايدۇ.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ۋەلى كېرىم
(ئۆزبېكچە «ئوتتۇز يىل ئىزھارى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چاغاتاي ئەدەبىياتى①

## كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

**ئەجەم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى:** ئەجەم مەدەنىيىتىنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركىي خەلقلەر سارايلىرىدا تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى ھەققىدە يۇقىرىدا ئىزاھات بەرگەن ئىدۇق. بۇ ئامىللار بۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەجەم مەدەنىيىتىنىڭ بۇ دەۋردە يەنىلا ئىستىقامەتلەردە داۋاملىق تەرەققىي قىلغانلىقلىرىنى كۆرىمىز. بۇ تىل ۋە مەدەنىيەت بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزلىشىپ كەتكەن تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى ھەم چاغاتاي ئاقسۆڭەكلىرىلا ئەمەس، بەلكى شەھەرلەردە ۋە يېزىلاردا ئەجەملەر بىلەن بىرگە ياشىغان تۈركىي خەلقلەرمۇ پارسچىغا ۋە پارس مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن يات قالمىدى. نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمىگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەتتا پارسلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ تىلنى ئۆگەنگەنلىكىنى، ھالبۇكى پارسلار ئارىسىدا ھەتتا ئوقۇغانلارنىڭمۇ تۈركىيچىنى بىلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجەملەردىن خېلى ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ۋە تۈركىيچىنىڭمۇ پارسچىغا قارىغاندا خېلى كەڭ ۋە خېلى باي بىر تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ھالبۇكى بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، بولۇپمۇ خۇراسان شەھەرلىرىدە ۋە يېزىلىرىدا پارسلارنىڭ سانىنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن ئىنتايىن ئاز بولغانلىقىدىن ئىدى. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پارسچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىپ، ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ تىلنى ناھايىتى راۋان قوللانغان بىرمۇنچە شائىر ۋە مۇئەللىپلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بولسا مۇسۇلمان ئەجەم مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى نوپۇزىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىمكى، تۈركىي خەلقلەر ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئەجەم مەدەنىي ھاياتىغا ئىنتايىن ئاكتىپ بىر شەكىلدە ئارىلىششى ھەم مەدەنىيەتنىڭ تۈركىي خەلقلەر سارايلىرى ئەتراپىدا تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئىككى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىر ـ بىرى بىلەن شۇ قەدەر چىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن: يېزىق ۋە مىنىياتۇرغا ئوخشاش سەنئەت تارماقلىرىدا بۇلارنى ئايرىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەردىن ھېرات مەكتۇبىنىڭ يېزىق ۋە نەقىش مەھسۇللىرىغا تۈركىيلەر ياكى پارس ماركىسىنى يېپىشتۇرغان (تامغىسىنى باسقان) يەردە، بۇلارنى ئورتاق تۈركىي، پارس سەنئىتى ئەسەرلىرى دەپ ئاتاشنى توغرا دەپ ھېسابلايمىز. تىل مەسىلىسىگە

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

كەلسەك، نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئورتاق ھاياتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە خۇددى پارسچە تۈركىيچىگە تەسىر كۆرسەتكەندەك، تۈركىيچىمۇ پارسچىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ (كىشىلەرنىڭ) ئەجەم ئەدەبىياتىغا بولغان قىزىقىشىنىڭ كامالەتكە يېتىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ بارلىق كاتتا سۆزلەرنىڭ ئەكسىچە، تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولغان ئاساسلىق مەسىلە سۈپىتىدە ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ.

15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پارسچىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن تېمۇرىيلار شاھزادىلىرىنىڭ دىۋانلىرىدا پارسچە رەسمىي تىل بولۇپ، قىممىتىنى قوغدىغان ئىدى. پارسچە يازغان تاجىك كاتىبلىرىنىڭ يېنىدا ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭمۇ بولىدىغانلىقى ھۇسەيىن بايقارا دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان بولسىمۇ، بۇنى قەدىمكى دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر باخشىلىرى يوق دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئۇيغۇر يېزىقى بولسا قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىدى. نەۋائىينىڭ «مۇنشائات» دىكى بىر مىسالىدىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دىۋان ئىشلىرىدا قوللىنىلمىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىل ئەھۋال 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تېمۇرىيلار سارايلىرىدا پارسچىنىڭ رەسمىي تىل ۋە مەدەنىيەت تىلى بولۇپ ئۆزلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بابىر، ئەبۇ سەئىد ھەم ھۇسەيىن بايقارا دەۋرىدە يېتىشكەن بىرمۇنچە ئەجەم شائىرلىرى ۋە مۇئەللىپلىرىنىڭ بولغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى. تۈركىيچە ئۆز قىممىتىنى يوقىتىۋاتقان ئاشۇ كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىيچە يازغانلارغا قارىغاندا، پارسچە يازغانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھۇسەيىن بايقارا دەۋرى ۋەقەلىرىنى شائىر رىيازى پارسچە نەزمىي شەكىلدە يازغان. نەۋائىينىڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە ھىمايە قىلىشى بىلەن «رەۋزەتۇسسەفا» ۋە «دەۋلەتشاھ تەزكىرىسى» گە ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ پارسچە يېزىلىشى، بىر مۇنچە ئەرەبچە ئەسەرلەرنىڭ بۇ دەۋردە تۈركىيچىگە ئەمەس، پارسچىغا تەرجىمە قىلىنىشى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان يۈزلەرچە شائىردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىڭ تۈركىيچە شېئىرلار يېزىشى، ھەتتا بۇ تۈركىي شائىرلىرىنىڭمۇ تۈركىيچىگە قارىغاندا كۆپرەك پارسچىغا ھەۋەس قىلىشلىرى بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مىللىي تىلغا ئەڭ ھەۋەس قىلىش تەرەپدارى بولغان نەۋائىينىڭمۇ تەسىس قىلغان ۋەقپىلەرگە ئائىت رەسمىي ۋەسىقىلەرنى پارسچە يېزىپ، تۈركىيچە «ۋەقپىيە» سىنى پەقەت ئەدەبىي ئۇسلۇبتا خۇلاسە شەكلىدە قەلەمگە ئېلىشى ھەمدە شۇ دەۋردىن قالغان «مۇنشائات» كىتابلىرىدا ۋە مەجمۇئەلەردىكى رەسمىي ۋەسىقىلەرنىڭمۇ پارسچە يېزىلىشى بۇ ھەقىقەتنى قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ.

**ئىران ئەدەبىياتى:** 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سىمى نىشاپۇرى، تۇتى تۇرشىزى، شەيخ كامال تۇربەتى، سەييىد كامال كاچكۇلى، ھىلالى، بەنائى، سەيفى بۇخارى، ئىبن ھۇشام، مۇھەممەد باخشى، رىيازى ۋە خاتىفىغا ئوخشاش غەزەل، قەسىدە، مەسنەۋى ۋە مۇنازىرە جەھەتلەردە شۆھرەت قازانغان شائىرلار، مۇھەممەد مۇئەممائى، ھاسان مۇئەممائىغا ئوخشاش مۇئەمماچىلىقتا ھەم ئەدەبىي سەنئەتلەردە ماھارەت كۆرسەتكەن سەنئەتكارلار، ئابدۇلھەي مۇنشى، شىھابىددىن مەرۋەرىدقا ئوخشاش قۇدرەتلىك مۇنشىلار، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى، مۇئىنىددىن ئىسفىزارى ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى، كامالىددىن ھۇسەيىن، مىرخاند (Mirhvand) ۋە

www.uyghurkitap.com

ئالدۇررەززاق سەمەرقەندىگە ئوخشاش مۇئەررىخ ھەم مۇئەللىپلەرنىڭ يېتىشىپ چىققىنىغا ئوخشاش، ئىراننىڭ ئاخىرقى بۈيۈك كلاسسىك شائىرى ھېسابلانغان ئابدۇراھمان جامىمۇ تېخى ھايات ۋاقتىدا ئەبەدىيلەشكەن شۆھرىتى بىلەن ھۇسەيىن بايقارا نەۋائى دەۋرىنىڭ ئەڭ پارلاق ئەدەبىي يۇلتۇزى بولدى ۋە نەۋائىغا كۆرسەتكەن ئەدەبىي تەسىرى بىلەن چاغاتاي شېئىرىنىڭ تاكامۇللىشىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئەمىر سۇھەيلى ۋە خوجا ئاشافىغا ئوخشاش، تۈركىيچە نەزمىلىرىدىن باشقا پارسچە شېئىرلىرى بىلەنمۇ نام قازانغان مۇھىم شەخسلەرمۇ نەۋائى بىلەن بىرگە جامى ئاچقان ئەدەبىي يولنى بويلاپ ماڭغۇچىلار قاتارىدا سانىلىدۇ. ھېرات سارىيىنىڭ ئەدەبىي مەركەز بولۇپ بۇ دەۋردە بارلىق تۈركىي ۋە پارس دۇنياسىدا زور شۆھرەت قازىنىشى ھەم ئېتىبارغا ئېرىشىشىدە تەبرىز ۋە ئىستانبۇل سارايلىرىدا ئىنتايىن كۆپ ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرغان جامىنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ ھەم مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

**چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە نەۋائى:** 15 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا سەمەرقەند ۋە ھېراتتا تېمۇرىيلار شاھزادىلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تەرەققىي قىلغان كلاسسىك چاغاتاي شېئىرى ئاشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ يەنە ئەينى ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن ھەم ئەينى شەرتلەر ئىچىدە بۇرۇنقى كامالەتكە يېتىش يولىنى بويلاپ ماڭدى. لېكىن، بۇ قېتىم بۇ پائالىيەتنىڭ باشقا مەركىزى رەقىبسىز قالغان ھېرات ئىدى. بايقارا — نەۋائى دەۋرى ھېراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتلىرى ئەمدى قەدىمكى زامانلار بىلەن قىياس قىلىنمايدىغان دەرىجىدە پارلاق ۋە جانلىق بىر مەنزىرە ياراتقان ئىدى. ئۆز قولى بىلەن ھاكىمىيەتنى ئېلىپ، ئىزچىل تۇردە ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان سۇلتان ھۇسەيىن بايقارادىن باشقا، پىكىر ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغان، مەملىكەتنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئادىمى بولغان ئەلىشىر نەۋائىغا ئوخشاش بىر شەخس مىللىي تىل ۋە ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. باشقا تېمۇرىيلار شاھزادىلىرىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ۋە ئىناۋەتلىك شائىر بولغان سۇلتان ھۇسەيىننىڭ كلاسسىك چاغاتاي شېئىرىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسىدە زور ۋە سەمىمىي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، مۇشۇ مەقسەت بىلەن تۈركىي تىلىدا خېلى كۆپ شېئىرلار يېزىپ بىر دىۋان تۈزگەنلىكىنى نەۋائى قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. ھەتتا تۈركىي تىلىغا ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت بىرمۇنچە مەسىلىلەردىكى گۇمانلىق تەرەپلەرنى ئۇنىڭ ھەل قىلغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. بۇنى بىر ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىدىغان بولساق، بۇ تېمىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئامىلنىڭ نەۋائى ئىكەنلىكىنى ئىشەنچ بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە سۆز بايلىقى ۋە مەنا نازۇكلۇقىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتى جەھەتتىن تۈركىي تىلىنىڭ پارسچىدىن ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان ۋە تۈركىي تىللىق شائىرلارنى تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يېزىشقا دەۋەت قىلغان ئەنە شۇ شائىر ئىدى. تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يازغان مويسىپىتلاردىن مىرسادىق كابۇلى بىلەن مۇھەممەت ئەلى غەرىبىنىڭ باشپاناھى بابىرنىڭ تەشۋىقى تەرغىبات قىلىشى بىلەن خېلى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز ئانا تىلىغا نىسبەتەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرگەن نەۋائى بارلىق زېھنى ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، چاغاتايچىنى

پارسچىدىن كېيىن قالمايدىغان مەدەنىيەت تىلى دەرىجىسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. كلاسسىك نەزم ۋە نەسرىنىڭ ھەربىر تۈرىدە ھەم ھەرخىل شەكىلدە بىرمۇنچە ئەسەرلەر يازدى، نىزامى، فەرىدىددىن ئەتتار، خۇسرەۋ دېھلەۋى، سەئىدى ۋە ھافىزغا ئوخشاش ئىران ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللەردىكى يۇقىرى سەنئەت مەھسۇللىرى بىلەن ناھايىتى يېرىك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ناھايىتى زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان جامىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى مۇھىم ئىلاۋىلەرنى بېرىش يولى بىلەن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلدى؛ «مىزانۇل ئەۋزان» سەرلەۋھىلىك كىچىك رىسالىسى بىلەن تۈركىي بىلەن تۈركىي خەلقلەرگە خاس نەزم ۋە مۇزىكا شەكىللىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى؛ دەۋلەتشاھقا يازدۇرغان شائىرلار تەزكىرىسىنى چاغاتايچە يازغان «مەجالىسۇن نەفائىس» بىلەن بىرگە تاماملاپ، تۈركىي تىلىدا دەسلەپكى «تەزكىرەئى شۇئەرا» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. سەيىد ھەسەن، پەھلىۋان مۇھەممەد ۋە جامىغا ئوخشاش كۆپ ماختىغان دوستلىرى توغرىسىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئەدەبىي خاتىرىلەر يازدى. خۇلاسىلىغاندا، تۈركىي تىلىدا يېزىلغان دەسلەپكى غەزەللىرىدىن «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ۋە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» گە ئوخشاش، ئەڭ ئاخىرقى ئەسەرلىرىگە قەدەر داۋاملىق ۋە مۇكەممەل بىر ئەدەبىي پائالىيەتنىڭ ياردىمىدە چاغاتايچىنىڭ پەقەت بىر كلاسسىك شېئىر تىلىلا بولماستىن، نەزم ۋە نەسرىنىڭ ھەربىر تۈرىنى، ھەر خىل شەكلىنى ئىپادىلەشكە قادىر ئىكەنلىكىنى، پارسچە بىلەن ھەر جەھەتتە رىقابەتلىشەلەيدىغان مەدەنىيەت تىلى ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن گۈزەل مىساللار بىلەن كۆرسەتكەن ئىدى. تولۇق ئىدراك ۋە پىلانلىق رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغان بۈيۈكلۈكنى بەك ياخشى بىلگەن نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئىپتىخارلىنىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىلىچ بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلەمى بىلەن تۈركىي خەلقلەر، ھەتتا تۈركمەنلەر يۇرتلىرىنى بويسۇندۇرغان «ساھىبقىران» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ يۇرتلارنىڭ جۇڭگو چېگرالىرىدىن تارتىپ تاكى تەبرىزگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئەدەبىي چاغاتاي تىلىنىڭ تەسىرى بار رايونلارنىمۇ ئېنىق ھالدا مۇقىملاشتۇرىدۇ. ھەر ھالدا تۈركىي تىلنى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە ئورنىنى كۈچەيتۈرۈش جەھەتتە نەۋائىنىڭ زور ۋە سەمىمىي كۈچ چىقارغانلىقى ھەمدە بۇ جەھەتتە سۇلتان ھۈسەيىنگە يۆلەنگەن بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىمى ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئوقۇغان ۋە ئەدەبىي قابىلىيەت ئىگىسى بولغان ياشلارنىڭ ئىشىنىڭ ئاسىنىغا كىرىپ پارسچە يازغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى يۈكنىڭ بىرقەدەر قابىلىيەتلىكلەرگە يۈكلىنىپ، تۈركىي تىلىدا يېزىشنى تەۋسىيە قىلىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور ئىدى. ئۇنىڭدىن بىرەر ئەسىر كېيىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شائىر فۇزۇلىمۇ «تۈركىي تىلىدا گۈزەل شېئىرلار يازغىلى بولىدىغانلىقى» ھەققىدە توختالغان ئىدى. كلاسسىك شېئىر تىلى بولغان، ئېنىقچە پارس تىلى قاتارلىق تىللار ئارىلاشمىغان بىر تىل بىلەن يېزىلغان شېئىرلاردا ئەينى ئاھاڭ ۋە گۈزەللىكنى ئوخشاشلا ئىپادىلەشنىڭ قىيىنلىقى ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭگەن مۇشۇنداق مەشھۇر شائىرلارنى ھېسابقا ئالماسلىقنىڭ ئۆزى ئادالەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائى شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتىن بۇ ۋەزىيەتنى، يەنە بىر تەرەپتىن پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شۇ دەۋر تۈركىي خەلقلەر

www.uyghurkitap.com

ئۈستىدىكى بەك گۈزەل بولغان مەنىۋى نوپۇزىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ ئىشقا دادىللىق بىلەن ئاتلىنىپ ھەمدە ھەربىر ماۋزۇغا، ھەربىر تۈرگە (ژانىرغا) ۋە ھەربىر شەكىلگە دائىر باي ۋە قىممەتلىك ئۈرنەكلەرنى بېرىپ، چاغاتايچىنىڭ پارسچە بىلەن رىقابەتكە چۈشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. نەۋائى ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى تىلنى سېلىشتۇرۇش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەش بىلەن بىرگە مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئىدى. ئەجەم تىل ۋە ئەدەبىياتىغا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى بىلەن جامىغا ئوخشاش ئەڭ مەشھۇر ئەجەم شائىرى تەرىپىدىن ئالقىشلانغان بۇ چاغاتاي شائىرى شۇ دەۋر ئەدەبىي مۇھىتىدا ئەجەم ئەدەبىياتىغا ئائىت مەسىلىلەردە ئەڭ نوپۇزلۇق تەنقىدچى ھېسابلىناتتى. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىپادىلەر شۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئەدەبىي مەنبەلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن رېئاللىققا ئايلانغان ئىدى. مۇسۇلمان ئىران مەدەنىيىتى كۈچلۈك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر شارائىتتا شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان، ئۇنى ھەزىم قىلالايدىغان ۋە تەمسىل قىلالايدىغان بۈيۈك پىكىر ۋە سەنئەت ئىگىسىنىڭ چاغاتايچىنى كلاسسىك مەدەنىيەت تىلى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇ كۈرىشىنى ئەلۋەتتە نەزەرگە ئېلىش لازىم. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش تېمۇر زامانىسىدا، ھەتتا ئۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرى باشلانغان، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بۇ ئېقىمنى نەۋائى يالغۇز ياراتمىغان، پەقەت ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كۈچلۈك شەخسىيىتى ۋە تەڭداشسىز پائالىيىتى ئارقىلىق بۇ ئېقىمنى پارلاق نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن ئىدى.

تۈركىي تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىنى زامانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىدىئولوگىيىسىگە تامامەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئەجەم ـ تۈركىي كلاسسىزمىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئورتاق ئاساسلىرى دائىرىسىدە يېزىشى، بلوشت (Blochet) ۋە ھەتتا بارتولدقا ئوخشاش بەزى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئۇنى پەقەت بىر تەرجىمان ياكى بولمىسا ئاز ـ تولا قابىلىيىتى بولغان بىر تەقلىدچى دەپ قاراشلىرىغا سەۋەب بولسىمۇ، بۇ قارىشىنىڭ يۈزەكى ۋە مەنىسىزلىكى كۆندىن ـ كۈنگە ئوچۇق بىلىنىۋاتىدۇ. رۇس شەرقشۇناسى بېرتىلس فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرى بىلەن نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنى سېلىشتۇرۇپ، مۇشۇنداق توغرا بولمىغان كۆز قاراشلاردا بولغان ئىدى. نەۋائىنىڭ باشقا مەسنەۋىلىرى توغرىسىدىمۇ شۇ خىلدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يۈكسەك سەنئەت ئىقتىدارى تولۇق نامايەن بولغان ئىدى. نەۋائىنىڭ مەسنەۋىلىرىدە نىزامىي ۋە ئەتتاردىن باشقا خۇسرەۋ دېھلە ۋە جامىنىڭ تەسىرلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. پەقەت بۇمۇ ناھايىتى كۆپ ئەجەم شېئىرىنىڭ 13 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە تاكامۇللاشقانلىقىنى ۋە بولۇپمۇ جامىنىڭمۇ كېيىنكى شەكلىنى ئالغان يېڭى خاھىشلىرى نەۋائىنىڭ ئەدەبىي ھەۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن بۇرۇن كېلىۋاتىدۇ. جامىنىڭ ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئەسەرلىرىدە نەۋائى ھەققىدە توختىلىشى «ھېراتنامەئى ئىسكەندەرى» ناملىق مەشھۇر مەسنەۋىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئەڭ بۈيۈك ئەجەم مەسنەۋىچىلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشى، ئۇنىڭدىن باشقا «باھارىستان» دا ئۇنىڭغا ئاجرىتىلغان باھا بېرىلگەن قۇرلار

(سەھىپىلەر) پەقەت ئۇنىڭغا دوستانىلىق ئورۇندا تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئىدى. 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە يېتىشىپ چىققان تالانتلىق تۈركىي تىللىق مەسنەۋىچىلەرنىڭمۇ ئەينى قاراشقا قوشۇلۇشلىرى بۇ جەھەتتىكى پىكرىمىزنىڭ كۈچلۈك دەلىلى بولغىنىغا ئوخشاش، بۈگۈنكى ئەدەبىيات تارىخچىسىنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سېلىشتۇرۇشتىن كېيىن كېلىپ چىققان نەتىجىسىمۇ يەنىلا ئوخشاش ئىدى. ناھايىتى ئىنچىكە تۇيغۇلارغا، باي ۋە رەڭدار ئوي ـ پىكىرلەرگە، سەنئەتلىك ۋە ھەتتا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يۈكسەك مۇبالىغىلەرنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە مەنتىقە ئۇيغۇنلۇقىغا ۋە ئاھاڭدار بىر ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان نەۋائى ماۋزۇلىرىغا، تۈر ۋە شەكىللىرىگە قارىغاندا، نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىدە تۈرلۈك ئۇسلۇبلارنى پەرقلەندۈرۈپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بەزىدە قىممەتلىك ۋە بىزەلگەن، بەزىدە ئۇچۇق ۋە ئاددىي بولۇپ، پەقەت جانلىق ۋە بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىدى. ئەجەم كلاسسىزمىنىڭ بارلىق ئىنچىكە تەرەپلىرىنى، پۈتۈن ئەنئەنىلىرىنى بىلگەن ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئەدەبىي ئېھتىياجىنى ھەم مودىلىرىنىمۇ ياخشى بىلگەن بۇ بۈيۈك سەنئەتكارنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇ دەۋر تۈركىي خەلقلەر جەمئىيىتىنىڭ ۋە ھېرات مۇھىتلىرىنىڭ تەسىرلىرى ھەم ئىنكاسلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، بۇنى بىرمۇنچە مىساللار بىلەن ئىسپاتلاش تامامەن مۇمكىن.

دېمەك، نەۋائى ئۇلۇغلۇق بىلەن تولغان ئەسەرلىرى بىلەن پەقەت كلاسسىك چاغاتاي شېئىرىيىتىنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈپلا قالماي، چاغاتايچىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت تىلى بولالايدىغانلىقىنىمۇ مۇكەممەل ئۆرنەكلەر بىلەن ئىسپاتلاپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ 16 ـ ئەسىردىكى تەرەققىياتىدا ئاساسلىق ئامىل بولغان ئىدى (مۇھىم رول ئوينىغانىدى). بىر ئازدىن كېيىن كلاسسىك بىر ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتايچىنىڭ نەۋائىدىن كېيىن بارلىق تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدا ئېرىشكەن قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. نەۋائىنىڭ چاغاتاي ساھەسى سىرتىدا، يەنى ئاساسلىقى ئازەرى ۋە ئوسمانلىلار ئەدەبىياتلىرى دائىرىسىدىكى تەسىرلىرى مەسىلىسىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، نەۋائى بىلەن زامانداش بولغان باشقا چاغاتاي شائىرلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات بېرىپ، چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەينەن كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

**باشقا ئەڭ مۇھىم ئەدەبىي سىمالار:** تۈركىي تىلىدا ئانچە ـ مۇنچە گۈزەل شېئىرلار يازغان ۋە تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يازىدىغان شائىرلارنى ھىمايە قىلغان ھەم تەشۋىق قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەبۇلقاسىم بابىرنىڭ بىر زامانلاردا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن نەۋائىنىمۇ ئۆز ھىمايىسىگە ئالغىنىغا ئوخشاش، ئەتراپىدىكى تۈركىي خەلقلەردىن بولغان قابىلىيەتلىك، ياش ئىسىلزادىلەرنىمۇ تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يېزىشقا دەۋەت قىلغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئۆتكەن ئادەملەر توغرىسىدا ئالدى بىلەن توختىلىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز ھاجى ئەبۇلھەسەن بىلەن گەدايىغا ئوخشاش شائىرلاردىن باشقا تەزكىرىچى مەشھۇر دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، بابىرنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان ئەمىر رىزائىددىن ئەلىنىڭمۇ پەقەت پارسچىلار ئەمەس، تۈركىي تىلىدىمۇ گۈزەل شېئىرلار ئوقۇغانلىقىنى قېرىندىشىنىڭ ئەسىرىدىن ئۆگەنگەن ئىدۇق. خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارغا بولغان ھۆرمىتىگە قارىماي، پۇللىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇزىگە بوۋىسى تېمۇرنىڭ دۆلەت گېربىنى قويدۇرغان ۋە ئەھمەد يەسەۋى ئەنئەنىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ شېئىر يازغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، 1494 - يىلى ۋاپات بولغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ نەۋرىسى، سەمەرقەند تەختىگە چىققان بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ ياخشى خەتتات ۋە شائىر ئىكەنلىكى، ئادىل تەخەللۇسى بىلەن تۈركىي تىلدا شېئىرلار يازغانلىقى «بابۇرنامە» دە تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە ئەبۇسەئىد دەۋرىدە سەمەرقەندنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، نەۋائىنىڭ ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا كۆپ ياردەم قىلغان مىرزا ھاجىبەگمۇ تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىغان تالانتلىق بىر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ سەمەرقەند بەگزادىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە سالدۇرۇلغان مەدرىسىگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى نەۋائى سۆزلەپ ئۆتكەندىن باشقا بابۇرمۇ ئۇنىڭغا ياخشى باھالارنى بەرگەن ئىدى. ئەبۇ سەئىدنىڭ زامانداشلىرى ئارىسىدا چاغاتاي سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزلىرىگە موغۇل نامىنى بەرگەن شەرقتىكى كۆچمەن چاغاتايلارنىڭ خانلىقىدا بولغان ۋە ۋېنگىرلار ئارىسىدا ياشىغان يۇنۇسخانىنىڭمۇ تالانتلىق بىر چاغاتاي شائىرى ئىكەنلىكى ھېراتلىق فەخرىنىڭ «رەۋزەتۇل - سەلاتىن» ناملىق شائىرلار تەزكىرىسىدىن مەلۇم بولىدۇ. سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەملىكەتتىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر بولغان، ھەتتا بىر مەزگىل رۇم دىيارىدا قوشاقچىلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ شاھزادىنىڭ ھىجرىيە 866 (مىلادىيە 1461 — 1462) - يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىدكە ئىلتىجا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكىرىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا مەملىكەتكە قايتقانلىقى ھەققىدە مىرخاند مەلۇمات بېرىدۇ. دەسلەپتە سايرامدا ياشاپ، كېيىن تاشكەنتكە كۆچكەن يۇنۇسخان كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشىنى تاشلىمىغان بىر قىسىم چاغاتاي - موغۇللارنى ئوغلى ئەھمەدخان بىلەن بىرگە تاشلىۋەتكەن ئىدى. جىيەنى بابۇر ئەھمەدخاننى تامامەن بىر يايلاق جەڭگىۋارى سۈپىتىدە 1502 - يىلى كۆرگەن ئىدى. كلاسسىك چاغاتاي شېئىر تىلىنىڭ يايلاقلاردىكى كۆچمەن خانلار ئارىسىدىمۇ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىش جەھەتتىن بۇ مەلۇمات ئۆزگىچە بىر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى ئارىسىدا پەقەت شېئىر ۋە سەنئەت ھامىيسى بولۇپ ئەمەس، ئەڭ مۇھىم چاغاتاي شائىرلىرىنىڭ بىرى بولۇش جەھەتتىنمۇ نەۋائىنىڭ ساۋاقدىشى، ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ھامىيسى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۆمەر شەيخ بىن تېمۇر ئوغلى بايقارا مىرزىنىڭ نەۋرىسى بولغان سۇلتان ھۈسەيىن ھىجرىيە 842 (مىلادىيە 1438 — 1439) - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا، يەنى نەۋائىدىن ئىككى يىل بۇرۇن ھېراتتا تۇغۇلغان ھەم 1469 — 1506 - يىللىرى خۇراساندا سەلتەنەت سۈرگەن ئىدى. ھېراتتا سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقىتلىرىدا بۇ جاينى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ پارلاق بىر مەدەنىيەت مەركىزى ھالىغا كەلتۈرۈپ، سۇ يوللىرىنى رەتكە سېلىپ خۇراساندا دېھقانچىلىق بىلەن تىجارەتچىلىكنى جانلاندۇرغان، جامى بىلەن نەۋائىغا ئوخشاش ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىككى شەخسنى سارىيىدا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت بەختكە سازاۋەر بولالىغان بۇ ھۆكۈمدارنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتى شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخىي ۋە ئەدەبىي مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا تىلغا ئېلىنغان ئىدى. بابۇرغا ئوخشاش نازۇك ھەم چوڭقۇر بىر پسىخولوگنىڭ ئۇنى پۈتۈن ھاياتى بىلەن تەتقىق قىلغان ۋە تەسۋىرلىگەن جانلىق سەھىپىلىرى بىزگە پەقەت ھەشەمەتلىك بىر ھۆكۈمدار ۋە تالانتلىق بىر شائىرلار ئەمەس، ھەر مەنىسى بىلەن كامىل بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ياشلىق دەۋرلىرىدىن باشلاپ،

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈرسەت بولسىلا ھۈسەيىن تەخەللۇسى بىلەن يازغان تۈركىي تىلىدىكى لىرىك غەزەللىرى ئۆزىنىڭ ئەمرى بىلەن كىچىكرەك بىر دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇستا خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بەزى كۆركەم نۇسخىلىرى بىلەن بىرگە باشقا نۇسخىلىرىمۇ ياۋروپا ھەم تۈركىيىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. 1926 - يىلى باكۇدا تولۇق بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن تەنقىدسىز بىر نەشرىمۇ بار ئىدى. بىر - بىرىدىن خېلى پەرقلىق بولغان بارلىق نۇسخىلىرىنىڭ تەنقىق قىلىنىشى بىلەن يېڭى ۋە مۇكەممەل بىر نۇسخىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى چاغاتاي ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. غەزەللەردىن، مۇخەممەسلەردىن ۋە تۆتلىكلەردىن تەركىب تاپقان، غەزەللىرى ئومۇمەن «فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلات» ۋەزنى بىلەن يېزىلغان بۇ دىۋاننىڭ تەتقىق قىلىنىشى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ قەدىمكى چاغاتاي شائىرلىرىدىن لۇتفى بىلەن يەقىنىگە، ئەجەم شائىرلىرىدىن ھافىز شىرازىغا، زامانداشلىرىدىن نەۋائى بىلەن جامىغا ئېتىبار بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. يازغان غەزەللىرىنى شۇ ھامان ئەتراپىدىكى شائىرلارغا، بولۇپمۇ نەۋائىغا بېرىپ، ئۆز زامانىسىدىكى تەبىر بىلەن ئېيتقاندا «ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىش» نى، يەنى ئۇلارغا نەزىرەلەرنىڭ يېزىلىشىنى ئۈمىد قىلغان بۇ شائىر ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ۋە ئۆزىگە ئۇستازلىق قىلغانلىقى ھەققىدە نەۋائىي ھېچقانداق بېشارەت بەرمىگەن. باشتىن - ئاخىر ھۆكۈمدارنىڭ غۇرۇرىنى ئەسلەش مەقسىتى بىلەن يېزىلغان بۇ ئىپادىلەرگە ئالدىنىپ قېلىپ، سۇلتان ھۈسەيىننى نەۋائىنىڭ ئۇستازى ۋە ھۆرمەت جەھەتتىنمۇ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شائىر دەپ ھېسابلايدىغانلار (بۇنىڭ ئۈچۈن باكۇدا بېسىلغان دىۋاننىڭ مۇقەددىمىسىگە قاراڭ) سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولغان ئەسەرنى كۆرسىتىشىدۇ. بۇ كىچىك دىۋاننى نەۋائىنىڭ شېئىر كۈللىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئۆز غەزەللىرىنى دائىم بىرلا خىل ۋەزىندە يېزىشى، بۇ ۋەزىننىڭ بولسا ئارۇزنىڭ ئەڭ ئاسان قوللىنىدىغان بىر خىلى ئىكەنلىكى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. بۇنىڭغا دىققەت قىلغان نەۋائى بىلەن بابىر ئارۇزغا دائىر يازغان ئەسەرلىرىدە ئەنە شۇنداق ئىزاھلارنى بەرگەن ئىدى. بۇ ۋەزىن جامى بىلەن نەۋائىنىڭمۇ كۆپ قوللىنىشلىرىدىن مەلۇم بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ مودىسىغا بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

15 - ئەسىردە «فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن» ۋەزنى بىلەن يېزىلىپ، ئۇرغۇشتاك (بىر خىل رەقس ۋە قوشاق) ئۇسۇلىغا قارىغاندا يېزىلغان قوشاق ياكى تۈركىي (خەلق شېئىرى ۋە قوشاقتىن تۈزۈلگەن غەزەل) نامى بېرىلگەن گۇفتەلەر (ناخشا تېكىستلىرى) سۇلتان ھۈسەيىن دەۋرىدە بۇ يېڭى مودىغا قارىغاندا ھۆكۈمدار ياخشى كۆرگەن مۇشۇ ۋەزىن بىلەن رەتلەنگەن ئىدى. تېمۇرىيلار شاھزادىلىرىنىڭ سارايلىرىدا قەدىمدىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كېلىنگەن بۇ تۈركىي تىلىدا يېزىلغان قوشاقلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتقانلارنى «قوشاقچى» ياكى «تۈركىيگۇي» (خەلق ناخشىچىسى) دەپ ئاتىشاتتى.

«بابىرنامە» دە ئەنە شۇ تۈركىيچە مۇزىكا چالىدىغان ياكى ناخشا ئېيتىدىغانلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكىنىدەك، قەدىمكى چاغاتاي شائىرلىرى ئارىسىدىمۇ «تۈركىيگۇي» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغانلارنىڭ بارلىقىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق («كلاسسىك چاغاتاي شېئىرلىرىغا خاس نەزم شەكىللىرى ھەققىدە. فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك تىلى ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقاتلار، 204 - 256 - بەتلەر). نەۋائى بىلەن بابىرنىڭ ئىزاھلىرى ئەقىلگە خېلى ئۇيغۇن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ باشقا ئارۇز ۋەزىنلىرىنى ئوڭۇشلۇق (ئاسانلىق بىلەن) ئىشلىتەلمەسلىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئامىل بولۇشىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. ئارۇزنىڭ ھەربىر شەكلىنى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قوللانغان نەۋائىغا غەزەللىرىنى پەقەت بىرلا خىل ۋەزىندە يازغان سۇلتان ھۇسەيىننى ئۇستاز بولغان دېيىش كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە نەۋائى خۇددى زاماندىشلىرىغا ئۇستاز بولغىنىدەك، ھۇسەيىن بايقاراغىمۇ ئۇستاز بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان ھۇسەيىننىڭ خېلىلا يۈكسەك بولغان بىر ئەدەبىي مەدەنىيەتكە، نازۇك بىر ھەۋەسكە، سەزگۈر بىر تەبىئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرىنى گۈزەل بىر ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ جامى بىلەن نەۋائىغا قارىتا كۆرسەتكەن زور مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت پەقەت تارىخىي، ئەدەبىي مەنبەلەردىن ھەم بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مىننەتدارلىقىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان تۈركىي تىلىدا يېزىلغان كىچىككىنە بىر رىسالىسىدىن بىلىنىدۇ (خۇسۇسىي كۇتۇبخانىمىزدا بۇ رىسالىنىڭ يېڭى بىر كوپىيىسى ساقلىنىۋاتىدۇ). ئەدەبىي ئۇسلۇبدا نەسرىي شەكىل بىلەن يېزىلغان بۇ رىسالىدە سۇلتان ھۇسەيىن تەڭرىگە ھەمدۇسانا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆز زامانىسىدا خەلققە زۇلۇم سېلىنمىغانلىقىنى، شەرىئەت ۋە تەرىقەتكە رىئايە قىلىنغانلىقى ھەم ھۆرمەت كۆرسىتىلگەنلىكىنى سۆزلىگەندىن كېيىن ئۆز زامانىسىنىڭ كامىل ئىگىسى بولغان ئىككى بۈيۈك ئىنسان، يەنى جامى ۋە نەۋائى بىلەن شەرەپ قازانغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. كېيىن نەۋائى تەسىس قىلغان خەير – ساخاۋەت ئورۇنلىرى بىلەن ئەدەبىي جەھەتتىكى تالانتى ھەققىدە توختىلىپ، «پېشقەدەم ۋە يېڭى شائىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىپ قالغانلىقى» نى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئادەتتىكى تەرجىمىھال شەكلىدە يېزىلغان بىر رىسالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزى ھەققىدە نەۋائىنىڭ «ناتىق» ۋە «نەزمىنىڭ ساھىبقىرانى» دېگەن سۈپەتلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىپتىخارلىق بىلەن كۆرسەتكەن. بۇ رىسال ھەر ھالدا يېگانە نۇسخا بولسا كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇمۇ بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ھۆكۈمدارنىڭ تۈركىي تىلىدا دىۋان تۈزۈشنىڭ مىللىي تىلغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى، ئەتراپىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تۈركىي تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلغانلىقى ئىدى.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئۆزىگە ئوخشاش شېئىر ۋە سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ئوغۇللىرىدىن بەدىئۇل زامان مىرزىنىڭ تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يازغانلىقىنى بىلگىنىمىزگە ئوخشاش، شاھ غېرىب مىرزىنىڭمۇ «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن پارسچە ۋە تۈركىي تىلىدا دىۋانلىرى بولغانلىقى مەلۇم. ھافىز دىۋانىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى تەييارلاتقانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بۇ سەنئەتكار شاھزادىنىڭ زىيائىغا ئوخشاش بەزى شائىرلارنىمۇ ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ دەۋردە تۈركىي تىلىدا يازغان باشقا تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى ئىچىدە سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، قەھرىمانلىقى بىلەن تونۇلغان ھەم بىرمۇنچە سىياسىي ماجىرالاردىن ۋە ئەسكىرىي سەرگۈزەشتىلىرىدىن كېيىن ئاخىر بايقارانىڭ ئەمرى بىلەن 1480 ـ يىلى قەتلى قىلىنغان ئەبۇ بەكىر مىرزا بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن «تەئاششۇق نامە» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئوغلى ۋە ھۇسەيىن بايقارانىڭ يېقىن دوستى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. نەۋائى ئۇنىڭ ئۈچۈن

ناھايىتى توغرا مۇتائىلە يۈرگۈزگىنىگە ئوخشاش، ئەبۇ بەكرى مىرزىنىڭمۇ قەھرىمانلىق ھېسلىرى بىلەن تولغان، جىناسلىق (كۆپ مەنىلىك بىر سۆزنىڭ ھەر قېتىمدا باشقا بىر مەنىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر - بىرىگە يېقىن بولغان بىرقانچە جايدا ئىشلىتىش) بىر تۇيۇقنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ تونۇلغان سەنئەتچىلىرىدىن خوجا ئاشافى ئەمىر نىزامىددىن سۇھەيلىنىمۇ چاغاتاي شائىرلىرى قاتارىدا ھېسابلاش زۆرۈر. تېمۇرىيلار خىزمىتىدە بولغان قەدىمكى بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، پارسچە ئىنتايىن گۈزەل شېئىرلار يازغان ئاشافى تۈركىي تىلىدىمۇ شېئىرلار يېزىپ، زامانىسىنىڭ مودىسىغا ماسلاشماقچى بولغان ئىدى. چاغاتاي بەگزادىلىرىدىن بولۇپ، ھۆكۈمدارنىڭ ۋە نەۋائىينىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولغان ھەم مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان ئەمىر سۇھەيلىنىڭ پارسچە دىۋانى بىلەن «لەيلى - مەجنۇن» مەسنەۋىسىدىن باشقا، تۈركىي تىلدا يېزىلغان بىر دىۋانىنىڭ بولغانلىقىنى دەۋلەتشاھ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىر غەزىلىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. نەۋائىمۇ ئۇنى زور ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. تۈركىي تىلدا يېزىلغان دىۋانىنىڭ بارلىقى بىلىنگەن، ئەمما ئۇ دىۋانى ھازىرغىچە يورۇقلۇققا چىقمىغان بۇ داڭلىق شائىرنىڭ چاغاتايچە شېئىرلىرى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەنۋەر سۇھەيلى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىمۇ ئۇنىڭ نامىغا يېزىلغان ئىدى. نەۋائى شۇ دەۋر تۈركىي تىلدا شېئىر يازغان شائىرلار قاتارىدا تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەشھۇر شۇئەرا تەزكىرىسىنى ئۇنىڭ نامىغا تۈزگەن ھەم سەمەرقەندلىك بىر تۈركىي ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان دەۋلەتشاھنىڭمۇ قېرىندىشى رىزائىددىن ئالىغا ئوخشاش چاغاتايچە گۈزەل شېئىرلار يازانلىقىنى، ئەلىشىر نەۋائىيغا تەقدىم قىلغان تۈركىيچە - پارسچە بىر ئالا - بۇلا قەسىدىسىدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇلارغا ئىلاۋە قىلىپ بۇ دەۋردە نامى چىققان چاغاتاي شائىرلىرى قاتارىدا ھېسابلايدىغانلىرىمىزدىن ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

سەنئەتلىك شېئىرلىرى ھەققىدە نەۋائىي تەقدىرلەپ ئۆتكەن ۋە ھەتتا بىر ماتلاسى (دىۋان ئەدەبىياتىدا قەسىدە ياكى غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيتى) نى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆز دىۋانىدا ئىشلەتكەن سەمەرقەندلىك مىرزابەگ، پارسچە ۋە تۈركىيچە گۈزەل شېئىرلىرى بولۇپ، كېيىنچە نىرۋا كېسىلى بولۇپ قالغان چېچەكتۇلۇ شەۋقى، بەلخلىق مەجنۇنى، تېمۇرىيلار دەۋرىدە ئۇزۇن زامان نىمروز تەرەپلەردە ھۆكۈم سۈرگەن خەلىل بەگنىڭ ئوغلى ئىبراھىم مۇھەممەد خەلىل، خۇراسان سىپاھلىرىدىن بولۇپ تۈركىيچە ۋە پارسچە گۈزەل شېئىرلار يازغان، ھەتتا بىر چاغلاردا ھۈسەيىن بايقارانىڭمۇ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ، كېيىن پالاكەتكە يولۇققان جەفەر باخشى ئوغلى ساقى، نەۋائىينىڭ ھامىيسى ۋە تۈركىي تىلدا شېئىر يازغان شائىر مىرسەئىد كابۇلنىڭ ئوغلى مىرھەيدەر سەبۇھى، ھېراتلىق بالائى، بايقارا دەۋرىدە پارسچە ۋە تۈركىيچە شېئىرلىرى بىلەن نام چىقارغان سەيىد ئافزەل، شىھاب مەئامائى ۋە تېۋىپ سۈپىتى بىلەنمۇ نامى چىققان خۇراسانلىق شائىر يۈسۈفى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋرگە ئائىت بولغان ئەڭ مۇھىم ئەدەبىي ۋە تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، 15 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا چاغاتايچە شېئىر يازغانلىقى مەلۇم بولغان، بىز بىلىدىغان شائىرلار شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ دەۋردە پەقەت پارسلار ئەمەس، ھەتتا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىقىپ، پارسچە شېئىر يازغان يۈزلەرچە شائىر ۋە مۇئەللىپكە قارىغاندا، چاغاتايچە يازغانلارنىڭ بۇنچىۋالا ئازلىقى ھەم نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرساق، بولۇپمۇ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تېمىلار ئۈچۈن

چاغاتايچىنىڭ هامان ھېچقانچە قوللىنىلماس-
لىقى بىر قاراشتا ھەيران قالارلىق ئىش
ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئاساسلىق سەۋەبلەر
ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن بۇ شارائىت ۋە ئۇنىڭ
پسىخىلوگىيىلىك ئامىللىرى، نەۋائىنىڭ
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىنى
دىققەت بىلەن ئوقۇساقلا بۇ نۇقتىنى
چۈشىنىپ ئالالايمىز. پارسچىنىمۇ تۈركىي
تىلنى بىلگەندەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى
بىلىپ، ئىنتايىن راۋان قوللانغان تۈركىي
تىللىق سەنئەتكارلار ئەسەرلىرىنى پەقەت
تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەمەس، پارس
ئەدەبىي مۇھىتلىرىدىمۇ ئوقۇتۇش ئۈچۈن
پارسچە يېزىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. تۈركىي
خەلقلەر ئارىسىدا ئاساسەن پارسچە
ئوقۇغانلارغا بۇ تىل يات بىلىنمەيتتى.
ھۈسەيىن بايقارا ۋە نەۋائىنىڭ سەرپ قىلغان
ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىكى
غەيرەتلىرىگە، بولۇپمۇ نەۋائىنىڭ ئوتتۇرىغا
قويغان چاغاتايچە مۇكەممەل ئۈرنەكلەرنىڭ
بولۇشىغا قارىماي، كلاسسىك شېئىر تىلى
بولۇش بىلەن بىرگە چاغاتايچىنىڭ
پارسچىدىن غالىب كېلەلمەسلىكىمۇ شۇ
خىلدىكى سەۋەبلەردىن ئىدى. نەۋائىنىڭ
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق
ئەسىرىدىكى بەك ئاشكارا شىكايەتلەرمۇ
شۇنىڭدىن ئىلگىرى بولغان ئىدى.

**خۇلاسە:** 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى
يېرىمىدا چاغاتايچە بىلەن پارسچىنىڭ شېئىر
ۋە مەدەنىيەت تىلى بولۇپ، ئۆزئارا
ۋەزىيەتلىرىنى مۇشۇ شەكىل بىلەن
مۇقىملاشتۇرۇش ۋە بەلگىلەش بىلەن بىرگە
بۇ دەۋردە نەۋائى بىلەن دوستلىرى
تەرىپىدىن مىللىي تىلنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن
كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئەسلا
نەتىجىسىز ۋە پايدىسىز قالمىغانلىقى
ئۈستىدىمۇ ھامان توختىلىپ ئۆتىمىز.
تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىن غالىب
كېلىش ئىنسانلار ئۈچۈن ئىمكانىيىتى يوق
ئىش. ھۈسەيىن بايقارا نەقەدەر بۈيۈك بىر
سىياسىي قۇدرەتكە ئىگە بولغان ۋە
تەڭداشسىز سەنئەتكار نەۋائى تەۋرەنمەس
ئىرادىسى بىلەن نەقەدەر كەڭ بىر پائالىيەت
ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەسىرلەردىن بېرى
مۇقىملىنىشىپ قالغان ۋەزىيەتنى بىرىدىن يەنە
بىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە مۇۋەپپەق
بولالمىغان ئىدى. پەقەت تامامەن ئىدراكى
بىلەن ۋە پىلانلىق بىر غەيرەت بىلەن
چاغاتايچىنى پارسچىدىن ھەر جەھەتتىن
كېيىن قالمىغان، تېخىمۇ توغرىسى ئەينى
شەكىللەرگە قارىغاندا تولۇق ھازىرلانغان بىر
كلاسسىك شېئىر تىلى، بىر مەدەنىيەت تىلى
ھالىتىگە كەلتۈرگەن نەۋائىنىڭ بۈيۈك
تەسىرلىرى مۇھىمى بۇنىڭدىن كېيىنكى
ئەسىرلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىپ نەۋائى
دەۋرىدە تۈركىي دۇنياسىغا تارقالغان ساغلام
ئۇرۇقلار 16 - ئەسىردىن باشلاپ ھەر
تەرەپتە ياخشى مەھسۇلاتلار بەرگەنىدى.
شۇنداق قىلىپ، نەۋائى مۇۋەپپەقىيەت
قازانغان ئەڭ بۈيۈك ئىش ئەڭ مەشھۇر
بولغان ئەجەم ئۇستازلىرى قاتارىدا ئورۇن
ئېلىشنى تەمىن ئەتكەن كەڭ ۋە تەۋرەنمەس
شۆھرىتى سايىسىدا چاغاتايچىگە پەقەت
تېمۇرىيلار دائىرىسىدە ۋە چاغاتايلار
ئارىسىدىلا ئەمەس، قەشقەردىن قازانغا،
قىرىمغا، تەبرىزگە ۋە ئىستانبۇلغا قەدەر
بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىي مۇھىتلىرىدا
مەنىۋى جەھەتتىن ئېتىبارغا سازاۋەر
بولغانلىقى ئىدى.

16 - ئەسىردىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر
ۋە خۇراساندا، ھىندىستاندىكى تۈركىي
خەلقلەر سارايلىرىدا، خارەزمدە، قازاندا،
قىرىمدا، ھەتتا ئىراندا پەقەت چاغاتايلارلا
ئەمەس تۈركمەنلەر ئارىسىدىمۇ نەۋائى تىلى،
يەنى چاغاتايچە يۇقىرى دەرىجىدىكى
مەدەنىيەت تىلى دەپ قارالغان، «ئېرىشىش
تەس بولغان ئىدىيىۋى بىر ئۈرنەك» دەپ
قارالغان نەۋائى ئەسەرلىرىنى تونۇش ئەدەبىي
مەدەنىيەتنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر
ھېسابلانغان ۋە مانا مۇشۇ مەقسەت بىلەن بىر
مۇنچە لۇغەتلەر، گراماتىكىلار ۋە
ئانتالوگىيىلەر تۈزۈلگەن ئىدى. بۇنىڭ
نەتىجىسى بولغان نەۋائىغا چاغاتايچە نەزىرەلەر
يازىدىغان مودىنىڭ ئوسمانلىلار ۋە ئازەرى

شائىرلىرى ئارىسىدا 19 ـ ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

ئازەربەر ئارىسىدا چاغاتايچىنىڭ ۋە نەۋائىنىڭ نەچچە ئەسىرگىچە داۋام قىلغان زور نوپۇزى ھەققىدە ئازەرى ماقالىسىدا مەلۇمات بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە توختالمايمىز. پەقەت نەۋائىنىڭ ئوسمانلىلار ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە بىر ئاز مەلۇمات بېرىش چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈركىي ساھەلىرىدىكى ئورنىنى ۋە نوپۇزىنى يورۇتۇش جەھەتتىن زۆرۈر ئىدى. ئىستانبۇل سارىيى ۋە ئوسمانلىلار ئەدەبىي مۇھىتلىرى بىلەن دائىملىق مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى نەۋائى ھايات ۋاقتىدا مەسىلەن، بۇرسالىق ئەھمەد پاشاغا ئوخشاش نەزىرەچىلەر بولغان ۋە 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، تانزىمات (سۇلتان ئابدۇلمجىت زامانىدا، يەنى 1839 ـ يىلى «گۈلخانە ھاتتى ھۇمايۇنۇ» ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر بۇيرۇق بىلەن ئېلان قىلىنغان رەھبەرلىكنى تەرتىپكە سېلىش لايىھىسى) قا قەدەر تۈركىيدە نەۋائىغا قىزىقىدىغانلار، نەزىرەچىلەر يېتىشىپ چىققان ئىدى. نەدىم ۋە شەيخ غالىبنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ـ كىچىك بىرمۇنچە ئوسمانلىلار شائىرلىرى تەرىپىدىن نەۋائىغا چاغاتايچە نەزىرەلەر يېزىلغان، ھەتتا بەزى ئەسەرلىرى ئوسمانلى تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان ئىدى؛ قىرىم خانلىرىدىن مەشھۇر ئوسمانلىلار شائىرى غازى گىرايمۇ نەۋائىغا قىزىقىدىغانلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا چاغاتايچە نەزىرەلەر يازغانلىقىنى، شەرقى ئاناتولى ۋە ئىراقتا ئوسمانلىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە يېتىشكەن شائىرلار ئارىسىدا نەۋائى مودىسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئوسمانلىلار مەسنەۋىچىلىرى نەۋائىنى نىزامى، خۇسرەۋ ۋە جامىغا ئوخشاش ئىراننىڭ بۈيۈك مەسنەۋىچىلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك ۋە شۆھرەتلىك شائىر دەپ ھېسابلايدىغان مۇتەپەككۇرلار ئىدى.

مەشھۇر قەھرىمان ۋە شائىر سەلىم I نىڭ، سەدالدىن خوجىنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا، چاغاتايچە شېئىرلارنى يېزىشى 16 ـ ئەسىردە پورتۇگالىيىلىكلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق قالتىس سەپەردە قارا يولى بىلەن قايتقاندا، كاتىبى تەخەللۇسلۇق شائىر سەيدىئەلى رەئىسنىڭ ھىند ۋە ئىران سارايلىرىدا چاغاتايچە شېئىرلارنى ئوقۇغانلىقى چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق تۈركىي خەلقلەر مەملىكەتلىرىدە قانداق تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ شەرەپ بىۋاستە نەۋائىنىڭ قۇدرەتلىك شەخسىيىتىگە تەئەللۇق ئىدى. خارەزم ۋە ئىران تۈركمەنلىرى ئارىسىدا نەۋائى تەسىرلىرىنىڭ نەچچە ئەسىرگىچە داۋام قىلىشى، ھەتتا ئۇنىڭغا ۋە ھۈسەيىن بايقاراغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزبېكلەر ۋە تاجىكلار ئارىسىدىمۇ تاكى كېيىنكى زامانلارغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىشى نەۋائى تەرىپىدىن چېچىلغان ئۇرۇقلارنىڭ چاغاتايچىدىن باشقا، ئەدەبىي دىئالېكتلارنىڭ ھاكىم ئورۇندا تۇرغانلىقى تۈركىي خەلقلەر ساھەلىرىدىمۇ مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نەۋائى دەۋرىدە چاغاتايچىنى بۈيۈك بىر مەدەنىيەت تىلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى چاغاتايچىنىڭ ئەسلىدىكى ساھەسىدە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى مۇھىم نەتىجىلىرىنى، 16 ـ ئەسىردىمۇ داۋام قىلغان كلاسسىك دەۋرنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى جەۋانمەردلىك تەرىقەتى[1]
## (مەردانىلىك يوسۇنلىرى)

مەۋلانا هۇسەيىن ۋائىز كاشفى

## ئىككىنچى پەسىل

تەرىقەتنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئەگەر تەرىقەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىنكى: لۇغەتلەردە توغرا يولنى «تەرىقەت» دەپ ئاتايدۇ. ئىستىلاھ' (ئاتالغۇ) سۈپىتىدە بولسا سۇلۇك[2] مەنزىللىرى (مەنىۋى ـ ئەخلاقىي پاكلىنىش باسقۇچلىرى) نى بېسىپ ئۆتۈش ۋە بۇ مەقاماتتا (دەرىجە ـ مەرتىۋىلەردە) تەرەققىي قىلىش خىسلىتىنى ۋە تەرتىپ ـ قائىدىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر تەرىقەتنىڭ ئەسلى نەچچە (بەلگىدىن ئىبارەت)؟ دەپ سورىسا، ئۈچ (بەلگە) دەپ ئېيت، يەنى دەم (نەپەس)، قەدەم ۋە كەرەم. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى نېمە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، شۇنداق جاۋاب بەر: دەم (نەپەس) — دېيىلىش لازىم بولمىغان نەرسىلەر ھەققىدە دەم ئۇرماسلىق (سۆزلىمەسلىك)، قەدەم — قىلىنىشى مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا قەدەم باسماسلىق، كەرەم — ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە كېرەكلىك ئىشنى قىلىش ھەم ئىش ۋاقتىدا قەلب ئۇرۇنۇشلىرىنى توسماسلىق. كىمكى بۇ ئۈچ ئەسل (تەلەپ) تىن بىرەرسىنى بىجىرمىسە ۋە ياكى بىلمىسە، ئۇ تەرىقەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ...

تەرىقەتنىڭ مەقامات (باسقۇچلىرى) نەچچە؟ دەپ سورىسا، تۆت يۈز قىرىق تۆت دەپ ئېيتقىن، لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسى تۆت مەقامىدا مۇجەسسەملەنگەندۇر؛ بىرىنچىسى، تەۋبە بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى گۇناھتىن كۆرۈنۈشتە تەۋبە قىلىش؛ ئىككىنچىسى، مەنىمەنلىكتىن قەلبەن تۆۋە قىلىش، يەنى:

> يامانلىقتىن ھەزەر قىلماق ئاۋامنىڭ تەۋبەسىدۇر.
> ئۆزىدىن ئۆزلۈكىن پاكلاش خاسلار تەۋبەسىدۇر.

ئىككىنچى، خەۋپ، يەنى قورقۇش. گۇناھتىن، شەرئىيەتكە خىلاپ ئىشلاردىن، ئاللانىڭ غەزىپىدىن، رىيازەتنىڭ ئازابلىرىدىن قورقۇش، ئەنە شۇ خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئامان ـ ئېسەن غالىب چىققان، دۇنيا قىزىقتۇرۇشلىرىدىن قۇتۇلۇشقا قۇدرىتى يېتىدىغان ئادەم ئۆزىنى تەرىقەتكە مەنسۇپ دەپ بىلسە بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى، جىھاد، يەنى نەفس بىلەن جەڭ ئېلىپ بېرىش:

> تاشقى دۇشمەن بولدى يەكسەن، ئەي شاھىم،

---

① بىشى ئۆتكەن ساندا

② سۇلۇك — ئۇسۇل، يوسۇن، تەرز.

ئىچكىرىدە لەك① قالدى زور غەنىمىم.
ئول غەنىمنى ئەقىل بىلەن يەڭمەك قىيىن،
ئول توشقان ئەمەس، شىردۇر ئىچىدە يوشۇرۇن.

تۆتىنچىسى، سەۋر. سەۋر — مەقسەت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئەگەر تەرىقەت ئەھكامى (ھۆكۈملىرى) نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە دەپ ئېيت: بىرىنچى، مەرىپەت؛ ئىككىنچى، ساخاۋەت؛ ئۈچىنچى، تەۋەككۇلچىلىق؛ تۆتىنچى، تەپەككۇر؛ بەشىنچى ساداقەت؛ ئالتىنچى، يەقىنلىق (شۈبھىسىز ئىشەنچ، قەتئىي ئىشەنچ).

ئەگەر تەرىقەت ئەركانى (ئاساسلىرى) نەچچە؟ دەپ سورىسا، بۇ ھەم ئالتە دەپ جاۋاب بەر: بىرىنچى، پەرز قىلىنغان ئىلىملارنى ئۆگىنىش؛ ئىككىنچى، بىلىمنى ئەمەلىيەتتە تەدبىق قىلىش، چۈنكى ئەمەلىيەتكە تەدبىق قىلىنمىغان ئىلىم مېۋىسىز دەرەخ ۋە يېغى يوق چىراغدۇر. شەيخ سەئدى ئېيتىدۇ:

دەرەخنىڭ مېۋىسى ئىلىمنىڭ ئەمەلىدۇر، بىل،
ئىلىمگە قىلمىساڭ ئەمەل مېۋىسىز دەرەخسەن.

ئۈچىنچى، خەلق ئىچىدە ياخشى خۇلق بىلەن نام قازىنىش؛ تۆتىنچى، رىيازەت چېكىش؛ تاكى كۆڭۈل كۆزگۈسى تىرىشچانلىق - غەيرەت پەردىزى بىلەن رەۋشەنلىك تاپسۇن:

تا سەيقەلى تەفرىد ئىلە دىل مۇسەففا ئولماس،
چېھرى دوست ئول كۆزىدە پەيدا ئولماس.

بەشىنچى، ھەمىشە دوست (خۇدا) نامىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇش.

ئالتىنچى، دوست دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىشتىياق ۋە شەۋق بىلەن ئىنتىلىپ، كۆڭلىنى دوست يادى بىلەن بەند قىلىش.

تەرىقەتنىڭ سۈننىتى (رەسىم - ئادىتى) نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە دەپ ئېيتقىن: بىرىنچى، ۋاقىتنى جامائەت بىلەن ئۆتكۈزۈش؛ ئىككىنچى، سەھەر ۋە شام پەيتلىرىدە خاتىرجەم بولۇش؛ ئۈچىنچى، دائىم پاك يۈرۈش؛ تۆتىنچى، كۆڭۈلنى ئاسراشنى بىلىش؛ بەشىنچى، زىكىر - تەكبىرنى بەجا كەلتۈرۈش، يەنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» نى ئېيتىپ تۇرۇش؛ ئالتىنچى، پىرلار، ئاتا - بوۋىلارنى ياخشىلىق بىلەن ياد ئېتىپ تۇرۇش.

ئەگەر تەرىقەتنىڭ مۇستەھەبى، يەنى مەقبۇل ۋە مەقبۇل ئۇدۇملىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، بۇنى ھەم ئالتە دەپ ئېيت: بىرىنچى، كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىش؛ ئىككىنچى، تائامنى يالغۇز يېمەسلىك؛ ئۈچىنچى، قانچىلىك ئېغىر ۋە ئازابلىق بولمىسۇن، چىرايىنى پۈرۈشتۈرمەي ئولتۇرۇش؛ تۆتىنچى، ھەممىگە باراۋەر خەير - ئېھسان كۆرسىتىش؛ بەشىنچى، ھەممە يەردە ھۆرمەت - ئېھتىرامنى ساقلاش؛ ئالتىنچى، ئۆزىنىڭ ۋە پىر - ئۇستازلىرىنىڭ نومۇسىنى ساقلاش...

ئەگەر تەرىقەتنىڭ نەھيىسى، يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە دەپ ئېيتقىن: بىرىنچىسى، نەفس ھەۋەسلىرىنى تەرك ئېتىش؛ ئىككىنچى، بايلىقنى تەرك ئېتىش؛ ئۈچىنچى، يالغاننى تەرك ئېتىش؛ تۆتىنچى، زىنانى تەرك ئېتىش؛ ئالتىنچى، خىيانەتنى تەرك ئېتىش.

① لەك — يۈز مىڭ.

ئەگەر تەرىقەتنىڭ ئەبجەدى[1] نەچچە؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىنكى، تەرىقەتنىڭ ئەبجەدى، ئالدى بىلەن كىچىك ۋە چوڭ ئەبجەدلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەگەر كىچىك ئەبجەد قايسى دەپ سورىسا، كىچىك ئەبجەد مۇنۇ ئون تۆت سۆزدىن ئىبارەت دەپ ئېيت: بىرىنچى، خاكسارلىق بىلەن ئۆزىنى تۇپراققا ئايلاندۇرۇش؛ ئىككىنچى، مۇجاھىدەت، يەنى سەئيى ـ ئىنتىلىش كۈرىكى بىلەن ئۇ تۇپراق (يەر) نى چېپىش؛ ئۈچىنچى، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چېچىش؛ تۆتىنچى، ئۇنى مەرىپەت سۈيى بىلەن پەرۋىش قىلىش؛ بەشىنچى، رىيازەت ئورغىقى بىلەن ئورۇش؛ ئالتىنچى، تەۋەككۇل ئارقىنى بىلەن باغلاپ، قانائەت خامىنىغا كەلتۈرۈش؛ يەتتىنچى، تەقۋا بىلىكى بىلەن خامانىنى يانچىش؛ سەككىزىنچى، سەۋر غەلۋىرىدە دانىنى سامىنىدىن ئاجرىتىش؛ توققۇزىنچى، مۇھەببەت تارازىسى بىلەن ئۆلچەش؛ ئونىنچى، رىزا تۈگمىنىدە تارتىپ ئۇن قىلىش؛ ئون بىرىنچى، كەرەم ۋە مۇرۇۋۋەت سۈيى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇش؛ ئون ئىككىنچى، ئىشق تونۇرىدا ئىشتىياق ئوتى بىلەن نان يېقىش؛ ئون ئۈچىنچى، ئۇنى ئىخلاس تاۋىقىغا قويۇش؛ ئون تۆتىنچى، ئۇنى ئەلگە تەقدىم قىلىش …

ئەگەر چوڭ ئەبجەد قايسى؟ دەپ سورىسا، ئۇ (تۆۋەندىكى) يىگىرمە توققۇز سۆزدىن ئىبارەت دەپ ئېيتقىن: بىرىنچى، ئىچى ۋە تېشىنى زىننەتلەش؛ ئىككىنچى، سەۋر ـ تاقەت قىلىش؛ ئۈچىنچى، تەقۋا بىلەن شۇغۇللىنىش؛ تۆتىنچى، ياخشىلىق يولىدا ھەر دائىم ساۋابلىق ئىش قىلىش؛ بەشىنچى، خاتىرجەملىككە ئىنتىلىش؛ ئالتىنچى، ھالال ۋە ھارامنى پەرقلەندۈرۈش؛ يەتتىنچى، خەۋفۇرەجا (قورقۇش ۋە ئۈمىد) نى ئۆز شۇئارىغا ئايلاندۇرۇش؛ سەككىزىنچى، رەھنەمالىق كاپالىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەربىر تەلەپكار شەخسنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈش؛ توققۇزىنچى، ئۆزىنى (باشقىلاردىن) تۆۋەن تۇتۇش ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب تەلەپ قىلىش؛ ئونىنچى، پېقىرلىق رىيازىتىنى چېكىش؛ ئون بىرىنچى، كۆڭۈللەرنى زىيارەت ئېتىش، يەنى كۆڭۈللەر كەبىسىگە سېغىنىش؛ ئون ئىككىنچى، پېقىر ئەھلىنىڭ سىرىنى ساقلاش؛ ئون ئۈچىنچى، خەلقنىڭ شۈكرىنى قىلىش (خەلق نامىدىن ھەق نېمەتنىڭ شۈكرىنى قىلىش)؛ ئون تۆتىنچى، سىدىقۇ سەفا كۆرسىتىش؛ ئون بەشىنچى، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك؛ ئون ئالتىنچى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش؛ ئون يەتتىنچى، تەمەنى پۈتۈنلەي كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش؛ ئون سەككىزىنچى، ھېچكىمگە زۇلۇم، جەۋر ـ جاپانى راۋا كۆرمەسلىك؛ ئون توققۇزىنچى، ئىلىمنى سۆيۈش ۋە ئالىملار بىلەن سۆھبەتلىشىش؛ يىگىرمىنچى، كىشىلەر غەيۋىتىنى قىلماسلىق ۋە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇش؛ يىگىرمە بىرىنچى قانائەتنى ئۆز ھاياتىنىڭ ئاساسى ۋە پائالىيىتىنىڭ ئۇلى دەپ بىلىش؛ يىگىرمە ئىككىنچى، ئىمكان ـ قۇربى يەتكەنگە قەدەر مەرىپەت كامالىغا ئىنتىلىش؛ يىگىرمە ئۈچىنچى، دىلناۋازلىق قىلىش ۋە كىشىلەر كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، قەلبىنى شاد ئېتىش ئۈچۈن ئىنتىلىش؛ يىگىرمە تۆتىنچى، ئۆز ـ ئۆزىگە مالامەت قىلىش ۋە مالامەتتىن قورقماسلىق؛ يىگىرمە بەشىنچى؛ ھەممىگە تەلەپكار بولۇش؛ يىگىرمە ئالتىنچى، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش؛ يىگىرمە يەتتىنچى، راستچىللىق يولىدا يۈرگەنلەرگە يولداش بولۇش ۋە ئەگرى كىشىلەرگە يانتاياق بولماسلىق؛ يىگىرمە سەككىزىنچى، سەت گەپ ـ سۆزنى ئاغزىغا ئالماسلىق ۋە ئۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا گاس بولۇۋېلىش، يالغان ۋە زىياننى راستلىق ۋە پايدىغا ئۆزگەرتىش؛ يىگىرمە توققۇزىنچى، خۇدا نامىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇش، پىرلار ۋە ئەجدادلار خاتىرىسىنى ئەسكە ئېلىش.

ئەگەر تەرىقەتنىڭ ئىمانى نېمە؟ دەپ سورىسا، روھنىڭ (شەخسنىڭ) ئىرادىدە ئېغىشماي

---

① ئەبجەد —— ئەرەب ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە ھەرقايسى ھەرپنىڭ سان قىممىتىنى ھەمدە قەدىمكي ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئويلاپ چىقىلغان سەككىز سۆزدىن بىرىنچىسىنىڭ ۋە شۇ سەككىز سۆز يىغىندىسىنىڭ نامى.

مۇستەھكەم تۇرۇشى، يەنى پىر ۋە ئۇستازلار ئەمرىنى چىڭ تۇرۇپ ئادا قىلىشتۇر، دەپ ئېيتىش. ئەگەر تەرىقەتنىڭ ئىنتىھاسى، يەنى خاتىمىسى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، تۆۋەندىكى ئون نەرسىگە ئاساسلىنىدۇ، دەپ ئېيت: بىرىنچى، زىكىر؛ ئىككىنچى، شۈكۈر؛ ئۈچىنچ، خىزمەت؛ تۆتىنچى، تائەت؛ بەشىنچى، مۇرۇۋۋەت؛ ئالتىنچى، قانائەت؛ يەتتىنچى، مۇھەببەت؛ سەككىزىنچى، تەسلىم (ئىتائەت)؛ توققۇزىنچى، تەۋەككۈل؛ ئونىنچى، تەۋھىد (خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەك).

ئەگەر تەرىقەتنىڭ تەكبىرى نېمە؟ دەپ سورىسا، توغرا ۋە مەقبۇل سۆز ئېيتىش، دېگىن. ئەگەر تەرىقەتنىڭ رۇكنى — ئاساسى نېمە؟ دەپ سورىسا، خاس سۆزنى خاس جايىدا خاس كىشىلەرگە ئېيتىش، دەپ ئېيت. ئەگەر تەرىقەتنىڭ سۇجۇدى (سەجدىلىرى) نېمە؟ دەپ سورىسا، چوڭقۇر مەنىلىك، ھەممە ماقۇل كېلىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش ۋە سېخىي - مەردلەر بىلەن دوستلىشىش، دەپ ئېيت. ئەگەر شەرىئەت، تەرىقەت ۋە ھەقىقەت ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ دەپ سورىسا، (بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ) ھەر ئۈچىلىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق، دەپ جاۋاب بەر.

شەرىئەت ئېنىق بىلگەن نەرسىلەر، نىشان ۋە ھۆرمەتتۇر. تەرىقەت ئىزدىنىدىغان نەرسىلەر، ئىنتىلىش، بايان ۋە خىزمەتتۇر. ھەقىقەت كۆرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، كۆرۈلىدىغان نەرسە، يەنى ئايان، ھېكمەتتۇر. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ سەمەرىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىنكى، شەرىئەتنىڭ سەمەرىسى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش؛ تەرىقەتنىڭ سەمەرىسى پېقىر، يەنى ئۆزىدىن ۋاز كېچىش؛ ھەقىقەتنىڭ سەمەرىسى بەقا (ئەبەدىيلىك)، يەنى ساختىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھەق سۆيگەن ئىشلارغا باغلىنىش.

ئەگەر تەرىقەتنىڭ ئابرۇيى نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ (نەرسە) ئىككى ئاساستىن ئىبارەتتۇر، دەپ جاۋاب بەر: بىرىنچىسى شۇكى، دەرۋىشلەر ئالدىغا قۇرۇق قول بارماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، ھەمىشە تاھارەتلىك، پاك بولۇش.

ئەگەر «شەرىئەت، تەرىقەت ۋە ھەقىقەت» سۆزلىرىنىڭ ھەرپلىرى نېمە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بەرگىنكى: «شەرىئەت» بەش ھەرپتۇر (ئەرەبچە يېزىلىشى نەزەردە تۇتۇلغان). ئۇلارنىڭ مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە: «ش» ئىبادەت شەرتىنى بەجا كەلتۈرۈش، «ر» مۇمكىن نەرسىنى مۇمكىن ئەمەس نەرسىدىن ئاجرىتىش، «يى» يەكدىل بولۇش، «ع» ئىلىم ئۆگىنىش، «ت» تەلەپ قىلىش. تەرىقەت سۆزىمۇ بەش ھەرپتىن ئىبارەت. «ت» تەلەپ قىلماق، «ر» بولۇش، «يى» ئىشەنچ ھاسىل قىلىش، «ق» يېقىنلىق، «ت» تەۋەججۇھلۇق بولۇش (خۇداغا يالۋۇرۇش). «ھەقىقەت» (سۆزىنىڭ) ھەرپلىرى ۋە مەنىلىرى: «ھ» ھۇزۇرلىنىش، دىل ھۇزۇرى، «ق» تەشدىد (يالغۇزلۇق) سەھراسىغا قەدەم قويۇش، «يى» تەفرىد (دۇنيا تەئەللۇقاتلىرىدىن قۇتۇلۇش، مەرتىۋىدە بىرلىشىش)، «ق» مەجازى بارلىق، يەنى ۋۇجۇد بارلىقى قەيدىدىن قەدەمنى كۆتۈرۈش بولۇپ، سالىك (سۇفىي ۋە تەسەۋۋۇف يولىغا كىرگۈچى) نىڭ نەزەرى ئەشيالار ھەقىقىتىنى ئىدراك ئېتەلەيدۇ. «ت» تەۋھىد دېگەنلىكتۇر. مۇشۇ ئون بەش سۈپەت مەۋجۇد بولغان ئادەم كامىل ۋە مۇكەممەل ئىنساندۇر ۋە ئۇ تەرىقەتنىڭ پېشۋالىقىغا لايىقتۇر ۋە شەيخلىق جەينامىزى ئۈستىگە چىقىشقا سازاۋەردۇر.

## ئۈچىنچى پەسىل

«تەسەۋۋۇف» نىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ئەدەبلىرى ۋە رۇكنىلىرى ھەققىدە شۇنى بىلگىنكى، تەسەۋۋۇف تەرىقەت مەقاماتىدىن بىرىدۇر. بۇ نامنىڭ، يەنى «تەسەۋۋۇف» سۆزىنىڭ كونا

ياكى يېغىلىقى، كېلىپ چىقىشى ھەققىدە (ئالىملار ئارىسىدا) ئىختىلاپ بار. بەزىلەر سۆز ئىسلام پەيدا بولغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ ... ئەمما مەلۇم بولۇشىچە «تەسەۋۋۇف» سۆزى ئىسلامدىن ئاۋۋالقى زامانلاردىلا بار ئىكەن. «ئۇنسۇل سۇفىيا» دېگەن كىتابدا بىرىنچى بولۇپ «سۇفىي» دېگەن نامنى ئالغان كىشى ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرىدىن بىرى شىش ئىدى، دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ ... ئۇنىڭ لىباسلىرى يېشىل سۇفدىن (سۇف ـــ يۇڭ ماتا) ئىكەن ۋە شىشتىن كېيىن يۇڭ ماتادىن كىيىم كىيىپ يۈرگۈچىلەرنى «سۇفىي» دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. ئۆزىنى ئەنە شۇ تائىپىگە مەنسۇپ دەپ بىلىدىغانلارنى تەسەۋۋۇف ئەھلى دەپ ئاتاشتى. بەس، ساھىب كامال سۇفىيلار ئەھۋالىغا تەلەپكار بولۇپ، ئەستايىدىل ئىنتىلگەنلەرنى مۇتەسۇفىيە① دەپ ئاتاشتى.

ئەگەر تەسەۋۋۇف نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا شۇنداق دېگىنكى: بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋابلار بىر نەچچە، بىرىنچىدىن، تەسەۋۋۇف تەخلىيە، يەنى خالىي بولماق، قەلبىنى بوشاتماق ۋە ياخشى، ماختالغان ئەخلاقتۇر، دېيىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەسەۋۋۇفنى تەسەفىيە، يەنى روھنى غەيرىي ـ يات نەرسىلەردىن تازىلاشتۇر، دەپ ئېيتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەسەۋۋۇف ھۇزۇر ـ، يەنى نەپسىنى بېسىش، ئۆزىنى تۇۋەن تۇتۇش ۋە جان پىدالىق نەمۇنىسىنى كۆرسىتىشتۇر، دېيىلىدۇ. تۆتىنچى، تەسەۋۋۇفنى دەۋانى تەرك ئېيتىش ۋە مەنالارنى خەلقتىن يوشۇرۇشتۇر، دېگۈچىلەرمۇ بار، يەنى كىشى تاكى دەۋادىن ۋاز كەچمىگۈچە مەناغا يەتمەس ۋە ئۆز مەنالىرىنى يوشۇرۇن تۇتمىسا، تەسەۋۋۇفتىن بەھر تاپالمايدۇ. بەشىنچىدىن، تەسەۋۋۇفنى (يەنە) ئىبادەت ھۆسنىگە ئىشارە، دەپ تەرىپلەيدۇ. ئالتىنچىدىن، تەسەۋۋۇف نەپسىنى خار تۇتۇش ۋە ئەمرنى ئەزىز تۇتۇشتۇر، دېيىشىدۇ. يەتتىنچىدىن، تەسەۋۋۇف جىمىكى ئەدەپتۇر ۋە كىمىكى پېقىر (دەرۋىشلىك) ئەدەپىدىن بىرىگە ئۆزىنى قارام قىلمىسا، تەسەۋۋۇفدىن پەقەت نامىنىلا بىلىدۇ، خالاس دېيىشىدۇ (ئۇشبۇ تەرىپلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت تەسەۋۋۇف ئۈچۈنلا خاستۇر).

ئەگەر تەسەۋۋۇف نامىنى ئالغان مەزكۇر تائىپە نەچچە گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئۈچ گۇرۇھقا، دەپ ئېيت: بىرىنچىسى، مۇستەسۇف، ئۇ قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرىدىغان ۋە مەنسەپ ـ ئەمەلگە ۋاستە بولىدىغان مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنى دەرۋىشلەرگە ئوخشىتىۋېلىپ يۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر مەرتىۋىسى، ئابرۇيى يوق. بۇنداقلار توغرىسىدا:

سىدقۇ سەفا يولىنى يۈرمەي دەغدەغە② بۇنچە،
سۇفىيۇ شەيخ نامىنى سېتىپ ۋەلۋەلە③ بۇنچە.

دەپ ياخشى ئېيتىلغان.

ئىككىنچىسى، مۇتەسسۇف④، بۇ مەقسەتنىڭ دەسلەپكى مەنزىلىگە يەتكەن ئادەمدۇر؛ ئۈچىنچىسى، سۇفىي، ئۇ ئۆزىدىن پانى بولۇپ، ھەققە باقى بولغان، يەنى ئۆزىدىن كېچىپ، ھەققە يەتكەن ئادەمدۇر ... سۇفىيلار ئۈچ دەرىجە ـ گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. يەنى مۇئاشىر⑤ لار، مۇتەرەسسىملەر⑥ ۋە مۇھەققىق⑦ لەر. مۇئاشىرلار (سۆھبەتداشلار ۋە شېرىكلەر) تەسەۋۋۇف ئەھلىنىڭ مۇخلىسلىرى ۋە دوستلىرىدۇر. ئۇلار (شۇ مۇخلىسلىقتىن) ساۋاب كۆزلىگۈچىلەردۇر ... ئەمما مۇتەرەسسىملەر دەرۋىشلەرنىڭ رەسىم ـ يوسۇنلىرىغا،

---

① مۇتەسۇفىيە ـ ئىتائەتمەن سۇفىيلار (ت).
② دەغدەغە ـ ① پوپوزا، تەھدىت، ۋەھىمە، دەھشەت. ② ئۇرۇنۇش، دەۋا.
③ ۋەلۋەلە ـ توپىلاڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەن، داۋراڭ.
④ مۇتەسسۇف ـ دىنغا بېرىلگەن ئادەم. (ت)
⑤ مۇئاشىر ـ ① ھەمدەم، ھەمسۆھبەت، ② دوست.
⑥ مۇتەرەسسىم ـ رەسىم ـ يوسۇنچى، قائىدە ـ يوسۇنغا بېرىلگۈچى.
⑦ مۇھەققىق ـ ھەقىقەت ئىزدىگۈچى.

www.uyghurkitap.com

سۇرەتلىرىگە ئەگىشىدىغانلار ۋە كۆرۈنۈشتە دەرۋىشلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا تەقلىد قىلىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ شۇئارى: ئەگەر ياخشى بولساق، بىزنىمۇ دەرۋىشلەر قاتارىغا قوشىسىكەن ۋە ئەگەر يامان بولساق، دەرۋىشلەرگە بىزنى بېغىشلىسىكەن (دەرۋىشلەر تۈپەيلى مەغپىرەت نۇرى نېسىپ قىلىسىكەن). بۇ گۇرۇھنىڭ دەرۋىشلەرنىڭ ياخشى تەسىرىدە نەسىبە تېپىش ئېھتىمالىدىن خالىي ئەمەس. مۇھەققىقلەر سۇف (يۇڭ كىيىم) كىيىپ يۇرگۇچى شۇنداق بىر جامائەدۇركى، دائىم ساپلىققا ئىنتىلىدۇ. نەپسىنى جەبىر ـ جاپا ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، مال ـ دۇنيانى تەرك ئېتىدۇ ۋە ئېزگۈلۈك يولىدا سۈلۈك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ...

ئەگەر سۇفىينىڭ مەناسى نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ چۈشەنچىنىڭ تەلقىنى كۆپ دەپ ئېيتقىن. بىز شۇلارنىڭ بەشىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز، بىرىنچىدىن، سۇفىي كۆرۈنۈشتە قۇل، باتىنىدا (مەنادا) بولسا ئازاد بولغان كىشى، يەنى ئۆز زاھىرىنى تائەت ـ ئىبادەت خىزمىتىگە بېغىشلاپ، باتىنىنى بارچە دۇنياۋى ئالاقىلەردىن ئۈزگەن شەخستۇر. ئىككىنچىدىن، سۇفىيلىقتا ھېچ نەرسىنىڭ بەندىگە گىرىپتار ئەمەس، ۋە ھېچ نەرسە ئۇنىڭ بەندىگىمۇ گىرىپتار ئەمەس. بۇ گەپ تۆۋەندىكى ئىككى خىل چۈشەنچىگە ئىشارەدۇر: بىرى، ئىخلاس، يەنى بەندىنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلەر، ئىنتىلىشلەردىن مۇتلەق قۇتۇلغانلىقى ۋە پانىي بولۇشى؛ ئىككىنچىسى، ھۆررىيەت، يەنى ياخشىلارنىڭ ئەزەلىي پېقىرلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلى (زاتى) بايلىقىغا يېتىشىش.

ئۈچىنچىدىن، سۇفىي سىرى (قەلبى) پاك، ئەقلى يۈكسەك، پەزلى دەريا، كۆڭلى مۇھەببەت ئەھدى بىلەن تولغان ئادەمدۇر. تۆتىنچىدىن، سۇفىي زاھىرىي ئالاقىلەر تەشۋىشىدىن (غەم ـ كۈلپەتلەردىن) يىراقلاشقان، قەلبى بولسا تەپەككۇرغا مايىل ئادەمدۇر. ئۇنىڭ ھىممەت كۆزى ئالدىدا ئالتۇن بىلەن تۇپراق تەڭ بولمىقى زۆرۈر. بەشىنچىدىن، سۇفىي دەم (نەپەس) بىلەن تاپقان نەرسىسىگە قەدەم بىلەن مېڭىپ ئېرىشكەن، يەنى ئىلمۇل يەقىن① رۇتبىسىدىن ئەينۇل يەقىن② دەرىجىسىگە (قاراپ) تەرەققىي قىلغان ئادەمدۇر.

ئەگەر مەزكۇر تائىپىنى نېمىشقا «سۇفىي» دەپ ئاتايدۇ؟ دەپ سورىسا، بۇنىڭ جاۋابىمۇ بەش دەپ ئېيت: «بىرىنچىدىن شۇكى، سۇفىيلار بىرىنچى سەپتىكىلەردۇر، يەنى ھەممىدە ياخشىلارنىڭ ئالدىدىكى سەپتە تۇرغۇچىلاردۇر. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئەسھابى سۇففەگە تەۋەللۇد قىلغان زاتلاردۇر. ئەسھابى سۇففە ئەسلى دۇنيا ئىشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاخىرەتنى ئىقبال دەپ بىلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى غەمدىن سارغىيىپ، سەھەردىن شامغىچە خۇداغا نالە قىلىپ، زىكىرگە چۈشىدىغانلاردۇر. دېمەك، ئەسھابى سۇففەكەبى ھەممە ئالاقىلار، ئارزۇلاردىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، ھەربىر نەپەسى ئىبادەتكە ئۇلانغان كىشىنى سۇفىي دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە توغرا كەلمىسىمۇ.

ئۈچىنچىدىن، مەزكۇر سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى سەفا (ساپلىق، پاكلىق) سۆزى بىلەن باغلىق. يەنى، بۇ تائىپە كىشىلىرىنىڭ كۆڭلى سەفاغا تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى سۇفىي دەپ ئاتاشقان. تۆتىنچىدىن، سۇفىي سۆزى «سۇفۇھ» سۆزىدىن پەيدا بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار، سۇفۇھ بىرەر نەرسىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. بەس، بۇ جامائەنى شۇنىڭ ئۈچۈن سۇفىي دەيدۇلەركى، ئۇلار خەلقنىڭ خۇلاسىسى (قايمىقى) دۇر:

ئىشق كەرەمى خىلۋەتىدە ئولتۇرۇپ،
كىبىرۇ رىيا چاكىنى دىلدىن سۈرۈپ.
فەقدۇ فەنا③ تەختىدە كۆڭۈللەرى،
يوقكى، ئەدەم④ دەشتىدە مەنزىللەرى.

---

① ئىلمۇل يەقىن ـ ئىشەنچلىك ئىلىم، كىتابىي بىلىم.
② ئەينۇل يەقىن ـ كۆرۈپ ئېلىنغان ئېنىق مەلۇمات، بىلىم، ئەمەلىي بىلىم.
③ فەقدۇ فەنا ـ ئۆزىدىن ۋە بارلىقتىن كېچىپ ئىلاھىيەتكە سىڭىنىش.
④ ئەدەم ـ يوقلۇق.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچىدىن، ئۇلارنى سۇفىي دېيىشتىكى سەۋەب «سۇف» (سۇفىي) دەپ لۇغەتتە يوڭغا ئېيتىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يۇڭ چەكمەن كىيىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن سۇفىي دەپ ئاتالغان. ئۇشبۇ سۆز (يەنى، سۇف) ئەرەب تىلىغا مۇۋاپىقتۇر. چۈنكى، «سۇف» سۆزىدىن سۇفىي سۆزى ھاسىل بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر تەسەۋۋۇفنىڭ بىناسى نەچچە ئاساسقا قۇرۇلغان؟ دەپ سورىسا، ئون ئاساسقا قۇرۇلغان دەپ ئېيت. بىرىنچى، ئىلىم؛ ئىككىنچى، ھىلىم (يۇمشاقلىق كۆڭۈل)؛ ئۈچىنچى، تەقۋا؛ تۆتىنچى، سەخا؛ بەشىنچى، شۈكۈر؛ ئالتىنچى؛ سەدىقە؛ يەتتىنچى، ۋاپا؛ سەككىزىنچى، رىزا؛ توققۇزىنچى، سەفا؛ ئونىنچى، ئىشىق.

ئەگەر تەسەۋۋۇف رۇكنىلىرى (تۈۋرۈكلىرى) نەچچە؟ دەپ سورىسا، تۆت دەپ جاۋاب بەرگىن. بىرىنچىسى، ھال[1]؛ ئىككىنچىسى، سىر؛ ئۈچىنچىسى، خاتىر (كۆڭۈل، پىكىر)؛ تۆتىنچىسى، ئىشارەت. ئەگەر «تەسەۋۋۇف» سۆزىنىڭ ھەرپلىرى نېمە مەنانى بىلدۈرىدۇ، دەپ سورىسا، تۆۋەندىكى مەنالارنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئېيتقىن: ت — تەجرىد، يەنى، زاھىردا تەئەللۇقلارنى تەرك ئەتمەك. س ـ سىدقۇ سەفا، يەنى باتىن (ئىچكى) ئالەمنى رۇشەن ئەتمەك. ۋ — ۋاپا، يەنى ئەھدىگە ۋە مۇھەببەتكە ۋاپا قىلماق. ف — فەنا بولماق، يەنى ئۆزىنى ئىلاھىي جامال دېڭىزىغا غەرق بولغان ھېسابلاپ، مۇشاھىدە[2] ئېلىپ بارماق.

ئەگەر تەسەۋۋۇف نەچچە نەرسە بىلەن سوڭغا يېتىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئۈچ نەرسە بىلەن دەپ ئېيتقىن: بىرىنچى، تەجرىد[3]؛ ئىككىنچى، تەفرىد[4]؛ ئۈچىنچى، تەۋھىد[5].

ئەگەر سۇفىي سۆزىنىڭ ھەرپلىرى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىن: س — كۆڭۈل خىلۋەتخانىسىنى ئامان ساقلاش، يەنى كۆڭۈل سىرىنى پەقەت دوست بىلسۇن. ئۇ — سىرنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، يەنى ئۆز سىرىنى شۇنداق ساقلىسۇنكى، شەيتاننىڭ بۇلاڭچى قولى ئۇنىڭغا يەتمىسۇن. بۇ مەرتىۋىدىن مەقسەت ئىخلاستۇر. ف — فەيز كۆرمەك ۋە فەيز يەتكۈزمەك، يەنى مەرىپەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەردىن بەھر ئالماق ۋە ئۆزگە قارىغاندا ناقىس كىشىلەرگە بۇ مەرىپەتنى يەتكۈزمەك؛ ئەجداد ـ ئەۋلادلاردىن بەھرىمەندلىك ۋە ناقىسلارغا پايدا يەتكۈزۈش — تەھسىل دۇنياسىنىڭ ھەم (قۇرئان) خەتمە قىلغۇچىسى ۋە قوبۇل قىلغۇچىسى بولۇشىنىڭ شەرتى ئەنە شۇ. ي — يەقىن، يەنى شەكسىز ئىشەنچ ـ ئېتىقادقا ئېرىشىشتۇر.

## تۆتىنچى پەسىل

فەقىر ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەركانى توغرىسىدا:

شۇنى بىلگىنكى، فەقىر ۋەلىيلىك[6]، كاندىن تېپىلغان گۆھەر ۋە ھىدايەت ئاسمىنىدا چاقنىغان ئەختەر (يۇلتۇز) دۇر. فەقىرنى تەرىپلەش ئۈچۈن مەنالار پىرى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي «مەسنەۋى» سىنىڭ بىرىنچى دەپتىرىدە ئېيتقان مەناغا بۇ سۆزلەر كۇپايە:

كارى دەرۋىشتى ۋەرائى فەرمى تۇسىست،
سۇيى دەرۋىشان يىمەنگەر سۇست ـ سۇست.
ھەست دەرۋېشى چۇ بەلائىن تەبەق،
ئەزھەمە بۇردەند دەرۋىشان سەبەق.

---

① ھال ـ ① ھالەت، يوسۇن ـ رەۋىش، ② سۇفىيلارنىڭ ئىبادەتتە ھوشىدىن (ئۆزىدىن) كېتىشى.
② مۇشاھىدە ـ كۆزەتمەك، كۆزىتىش.
③ تەجرىد ـ ① ئاجرىتىش، يالغۇزلاش؛ ② مەۋھۇملۇق.
④ تەفرىد ـ يالغۇزلىنىش، چەتلىنىش، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش.
⑤ تەۋھىد ـ ① بىرلەشتۈرۈش، ② خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش.
⑥ ۋەلى ـ ئاللاھنىڭ ۋەقەلەرنى ئالدىن ئېيتىش، غايىبتىن خەۋەر بېرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ئەزىز بەندىسى؛ ئەۋلىيا.

مەنىسى (دەرۋىشلىك سىنىڭ چۈشەنچەڭگە سىغمايدىغان ئىشتۇر. دەرۋىشلەرگە شۇبھىلىك كۆز بىلەن باقمىغىن. دەرۋىشلىك ئالىي تەبەقىدۇر ۋە دەرۋىشلەر ھەممىدىن ساۋاق ئالغانلاردۇر).

ئەگەر فەقىرنىڭ ئالامىتى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئۈچ دەپ ئېيت: بىرىنچىسى، مېھرى دە قۇياش كەبى بولۇش، چۈنكى قۇياش ھەمىشە مىننەتسىز نۇر چاچىدۇ. ھېچكىمنى ئۆز نۇرىدىن بەھرىسىز قالدۇرمايدۇ. ئىككىنچىسى، يەر كەبى تەۋازۇلۇق (كەمتەر) بولۇش، چۈنكى يەرگە ئاياغ باسقان ھەربىر ئادەم ياخشى ـ يامان ھەققىدە ئويلايدۇ ۋە ئۆز مەقامىدىن سىلجىمايدۇ. ئۈچىنچىسى، بۇلۇت كەبى بەرىكەتلىك، ساخاۋەتلىك بولۇش، چۈنكى بۇلۇت ھۆل ۋە قۇدۇقلا باراۋەر رەھمەت يامغۇرىنى ياغدۇرىدۇ ۋە گۆرىستان بىلەن گۈلىستانىنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئەگەر فەقىرنىڭ مەقاماتى نەچچە؟ دەپ سورىسا جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، فەقىرنىڭ ئۆلچىمى تۆت يۈزگە يېتىدۇ. ئەمما، ئۇنى قىرىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى يەنىمۇ ئىخچاملاپ (مەناسىنى) تۆۋەندىكى تۆت مەقامدا جەملىگەندۇر. بىرىنچىسى، خىزمەت؛ ئىككىنچىسى، ئىززەت؛ ئۈچىنچىسى، نەپسى بالاسىنى تەرك ئەتمەك؛ تۆتىنچىسى، تەسلىم، يەنى پىر ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلماق ۋە تەۋەككۈلگە جۈرئەت قىلماق.

ئەگەر فەقىر يولىنىڭ ئوزۇقى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئون دەپ ئېيتقىن: بىرىنچى، ھىلىم؛ ئىككىنچى، ھايا؛ ئۈچىنچى، ئادىللىق؛ تۆتىنچى، سىرتقى پاكلىق؛ بەشىنچى، قەلبى پاكلىق؛ ئالتىنچى، مەردلىك؛ يەتتىنچى، سىرنى يوشۇرۇش؛ سەككىزىنچى، تەۋەككۈل؛ توققۇزىنچى، مەدەتكارلىق؛ ئونىنچى، ئىختىيار (ئىختىيارىنى پىرغا تاپشۇرۇش). ئەگەر فەقىر ئىشىكىنىڭ كىلىتى (ئاچقۇچى) قايسى؟ دەپ سورىسا، تۆۋە دەپ ئېيت. چۈنكى، كىشى تۆۋە قىلمىغۇچە فەقىر ئىشىكى ئۇنىڭغا ئېچىلمايدۇ. ئەگەر تۆۋىنىڭ رۇكنىلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئۈچ، دەپ ئېيتقىن: بىرىنچىسى، تىلدا ئىستىغفار ئېيتىش، يەنى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى سوراپ ئاللاغا مۇناجات قىلىش؛ ئىككىنچىسى، كۆڭلىدە پۇشايمانلىقنى ھېس قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، ھېچقاچان گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك، گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىققا قەتئىي ئانت ئىچىش (ئەھدى قىلىش).

ئەگەر فەقىرگە قايسى يول بىلەن كىردىڭ؟ دەپ سورىسا، نىياز (تەلەپ، ئېھتىياج) يولىدىن، دەپ جاۋاب بەر. ئەگەر يولدىشىڭ كىم ئىدى؟ دەپ سورىسا، ساداقەتمەنلىك ۋە ئېتىقاد ئىدى، دەپ جاۋاب بەر. ئەگەر ساداقەت ۋە ئېتىقادىڭنىڭ بېشى (ئاساسى) نېمە ئىدى؟ دەپ سورىسا، دەرۋىشلەر مۇھەببىتى ئىدى، دەپ ئېيتقىن. ئەگەر فەقىر نېمە بىلەن پايانىغا يېتىدۇ؟ دەپ سورىسا، ياخشى خۇلق بىلەن دەپ ئېيت. چۈنكى، ياخشى خۇلقى بار ئادەمدە فەقىر ئۈچۈن كېرەكلىك باشقا سۈپەتلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلۇغلار ئەنە شۇ مەنادا فەقىر رۇكنىلىرى كامالىتى ئۈچۈن كېرەكلىك سۈپەتلەر كىشى خۇلقىدادۇر، دېگەن ئىدى. چۈنكى، (ياخشى) خۇلق بار جايدا ئىلىمنىڭ ھەم بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىلىم بار جايدا بولسا، ھىلىم بولۇش لازىمدۇر ۋە قەيەردە ئىلىم بولسا، شۇ يەردە زۇھد[①] (پەرھىز) بولىدۇ...

ئەگەر «دەرۋىش» سۆزىنىڭ ھەرپلىرى نېمە مەنانى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، دېگىنكى، شەيخ قاسىم ئەنۋار بۇنى تۆۋەندىكىچە شەرھلىگەن: د ـــ دەرد بىلەن كۆيۈش دەللىلى. ر ـــ رىيادىن ساقلىنىش تىمسالى. ۋ ـــ ۋىدائ، يەنى تەڭرىتائالادىن ئۆزگە نەرسىلەر بىلەن ۋىدالىشىش. ئى ـــ ئىشق يولىدا يەكدىل ۋە قەتئىي سادىق بولۇش. ش ـــ شۈكۈر قىلماق ۋە شىكايەت قىلماسلىق.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

① زۇھد ـ خۇدا جويلۇق، خۇداغا چىن ئېتىقاد قىلىش، دىندارلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مىڭ كوكۇلىلىق قىز

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا مەرغىلان تەرەپتە بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ چېچىدەك قويۇق ۋە ئۇزۇن چاچ ھېچكىمدە يوق ئىكەن. ئۇنىڭ چېچىنى تال ـ تال قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈپ قويىدىكەن، كوكۇلىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇنى مىڭ كوكۇلا دېيىشىدىكەن.

پادىشاھ مىڭ كوكۇلغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن، ئەمما ئوغۇللىرىنى بولسا ياتلايدىكەن. شاھزادىلەر بۇنىڭدىن بەكمۇ نارازى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، مىڭ كوكۇلىنى يوشۇرۇنچە تاغقا ئېلىپ بېرىپ، بىر قېرى ئىمامغا بېرىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ.

مىڭ كوكۇلا تاغدا كۈندىن ـ كۈنگە ھۆسنىگە تولۇپ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس دېگۇدەك چوڭ بوپتۇ. ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، كېچىلىرى سىرتقا چىقسا پۈتۈن ئەتراپ يورۇپ كېتىدىكەن، ھەتتا يىگىتلەر ئۇنىڭ بىر قىيا بېقىشىدىن ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىدىكەن. ئۇ بۇنىڭغا قارىماي كىچىكىدىن تارتىپ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ۋە قىلىچۋازلىق ماھارەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپتۇ. بىر كۈنى مىڭ كوكۇلا توغرىسىدىكى خەۋەرلەر قەشقەر شاھىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە مىڭ كوكۇلغا غايىۋانە ئاشىق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىرىق تۆگىگە ئالتۇن، كۈمۈش يۈكلەپ، ئوڭ قول ۋەزىرىنى تاغقا بىر نەچچە خىزمەتچى بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى تاغقا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بىر ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر مۇنچە كىشىلەر توپلىشىۋالغانىكەن.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ نېمىشقا بۇ يەرگە توپلىشىۋالدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر بىر كىشىدىن.

— بۇ ئىمامنىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ مىڭ كوكۇلا دەيدىغان ناھايىتى ساھىبجامال بىر قىزى بار. بىز ھەممىمىز ئۇنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا. لېكىن، ئۆيگە كىرىشتىن قورقىمىز. چۈنكى، قىز بىر قارىسا ھەرقانداق ئادەم ھوشسىز بولۇپ يىقىلىدۇ، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

ۋەزىر ئىمامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قىزنىڭ بەدىلىگە قىرىق تۆگە ئالتۇن، كۈمۈش بېرىپ، ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، ئىمام ۋەزىرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماپتۇ. چۈنكى، ئۇ قېرىپ چىشلىرى چۈشۈپ، بەللىرى مۈكچىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇزۇندىن بېرى مىڭ كوكۇلغا ئۆيلىنىش خىيالىدا يۈرگەنىكەن. بىچارە مىڭ كوكۇلا ئۇنىڭ بۇ يامان نىيىتىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ، نەچچە قېتىم قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىمامنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجىر ـ مېھنىتىنى ياندۇرۇش يۈزىسىدىن نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقماي كەلگەنىكەن. ۋەزىر كەچقۇرۇن كاتتا داستىخان راسلاپ ئىمامنى ھەر خىل نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. شۇ ئارىدا ۋەزىر ئىمامنىڭ چېيىغا بىھوش دورىسى سېلىپ، ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، مىڭ كوكۇلىنى ۋە ئېلىپ كەلگەن قىرىق تۆگە ئالتۇن، كۈمۈشنى ئېلىپ

قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئىمام ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، مىلىڭ كوكۇلا، ۋەزىر ۋە قىرىق تۆگە ئالتۇن، كۈمۈش يوق تۇرغۇدەك. ئىمام ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ - دە، مەسچىتكىمۇ بارماستىن ۋەزىرنىڭ كەينىدىن ئاتلىق قوغلاپ مېڭىپتۇ. چۈشكە يېقىن ۋەزىرلەرگە يېتىشىۋېلىپ، مىلىڭ كوكۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئەمما، ھىيلىگەر ۋەزىر ئىمامغا ئاۋۋال غىزالىنىۋېلىشنى ئېيتىپ، يارنىڭ لېۋىگە داستىخان راسلىتىپتۇ. ئىمام ئولتۇرماقچى بولغاندا ۋەزىرنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنى يارغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

مىلىڭ كوكۇلا ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتنى تاشلاپ كېتىشكە قىيمىسى-مۇ، نائىلاج ۋەزىر بىلەن بىللە كېتىشكە مەجبۇرى بوپتۇ.

قەشقەر شاھى ۋەزىرنىڭ تۆھپىسىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنى نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن تارتۇقلاپتۇ. مىلىڭ كوكۇلىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ئىشق ئوتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، مىلىڭ كوكۇلىغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. مىلىڭ كوكۇلا ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ.

تويغا بىر نەچچە كۈن قالغاندا مىلىڭ كوكۇلا ئوردا راۋىقىدا ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ، غەمگە پېتىپ ئولتۇرغان ئىكەن، توساتتىن كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قەددى - قامىتى ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىتكە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ يىگىتمۇ مىلىڭ كوكۇلىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىۋاتقان ئىكەن.

مىلىڭ كوكۇلا يېنىدىكى كېنىزەكتىن:

— كوچىدا كېتىۋاتقان ئاۋۇ يىگىت كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ يىگىت شاھىمىزنىڭ شاھزادىسى، ئىسمى شىرئەلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېنىزەك.

مىلىڭ كوكۇلا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بوپتۇ. شىرئەلىمۇ مىلىڭ كوكۇلىنىڭ ئىشقىدا تولا ھەسرەت چېكىپ، ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

پادىشاھ شىرئەلىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مىلىڭ كوكۇلا ئوردىغا كەلگەندىن بۇيان پۈتۈن ئەس - يادى مىلىڭ كوكۇلىدىلا قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئامراق ئوغلىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە شۇ ھامان ئوردا تېۋىپلىرىنى شاھزادىنى داۋالاشقا بۇيرۇپتۇ. تېۋىپلار ھەرقانچە قىلىپمۇ شىرئەلىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالماپتۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپتۇ. سۇلتان شاھزادىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشقا ھېچبىر ئامال قىلالماي، چوڭقۇر غەمگە پېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىلەن مىلىڭ كوكۇلىنىڭ توي ۋاقتىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپتۇ. مىلىڭ كوكۇلا بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن سۇلتانغا:

— مەن تاغدىكى چېغىمدا گىياھ بىلەن كېسەل داۋالاشنى ئۆگەنگەن، شاھزادىنى مەن داۋالاپ باقاي، ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ مىلىڭ كوكۇلىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. مىلىڭ كوكۇلا شاھزادىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. شاھزادە مىلىڭ كوكۇلىنى كۆرگەن زامان سەللىمازا ساقىيىپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرلىرىگە كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىپ، كەچ كىرگۈچە مۇڭدىشىپتۇ ۋە يىراق جايغا كېتىپ مەڭگۈ ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇلار ئىككىيلەن قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ مىلىڭ كوكۇلا بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شاھزادىنىڭ قىچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرغەزەپكە كەپتۇ ۋە دەرھال ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، شاھزادە بىلەن مىڭ كوكۇلا بەك يىراقلاپ كەتكەچكە، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ.

ئۇلار شۇ يۈرگەنچە ناھايىتى مول يۈرۈپتۇ، نۇرغۇن تاغ - دەريا، چۆل - جەزىرىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىر كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ھېرىپ، ئۇسساپ بىر قۇدۇقنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىشىپتۇ. ئۇ يەردە يەنە يوغان بىر كۆلمۇ بار ئىكەن. بۇ قۇدۇقنىڭ چاقىپىلىككىگە باغلانغان چېلەك شۇنداق يوغان ئىكەنكى، شۇ چېلەكتە بىر قېتىم ئېلىنغان سۇغا كۆل تولۇپ تاشىدىكەن. چېلەكنى قۇدۇقتىن قىرىق كىشى ئاران تارتىپ ئالىدىكەن. شىرئەلى قۇدۇقتىن چېلەكنى تارتىپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن كۈچى يەتمەپتۇ. مىڭ كوكۇلا شىرئەلىنىڭ چېلەكنى تارتىپ چىقىرالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، نازۇك قوللىرى بىلەن چېلەكنى تارتىپ چىقىرىپ كۆلنى لىممۇ لىق سۇغا تولدۇرۇپتۇ. شاھزادە بۇنىڭدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىپ، ئۇندىمەستىن غىزا يېشۇرۇشقا باشلاپتۇ. مىڭ كوكۇلا بولسا سۇغا چۆمۈلمەكچى بوپتۇ.

بۇ يەر ئەسلىدە قاراقچىلارنىڭ ماكانى بولۇپ، قاراقچىلار بۇ ئىككىيلەننى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغانىكەن. قاراقچىلار قىرىق ئادەم ئاران تارتىپ چىقىرىدىغان چېلەكنى يالغۇز بىر يىگىتنىڭ ئۆزى تارتىپ ئالغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي بىر - بىرى بىلەن غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. مىڭ كوكۇلا كۆلگە چۈشۈپ چۆمۈلۈۋاتقاندا ئۇنىڭ يەلكىلىرىگە يېيىلىپ تۇرغان قۇندۇزدەك قاپقارا كوكۇلىلىرىنى ۋە ئاپئاق بەدىنىنى كۆرۈپ، يىگىت ئەمەس، قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندە بولسا، قاتتىق ھەيران بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قاپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى مىڭ كوكۇلىغا ئاشىق بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە:

— ئۇ قىزنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

قاراقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— كۆلدە چۆمۈلۈۋاتقان ئاۋۇ گۈزەل نازىنىننى بىزگە تاپشۇر، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمىز، — دەپتۇ. شىرئەلى قورقۇپ كەتكىنىدىن زادى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا مىڭ كوكۇلا سۇدىن چىقىپ، چەبدەسلىك بىلەن كىيىملىرىنى كىيىپتۇ - دە، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ قاراقچىلارغا يولۋاستەك ئېتىلىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە ئون نەچچە قاراقچىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. قالغان قاراقچىلار قورققىنىدىن ئاتلىرىغا مىنىپ قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ.

بۇ قېتىم شاھزادە كۆڭلىدە مىڭ كوكۇلىنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىر ئەركەك تۇرۇپ قىز بالىچىلىك جاسارىتىنىڭ يوقلۇقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ.

ئۇلار بۇلاق بېشىدا قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىپ يولغا چۈشۈپتۇ. نامازشام ۋاقتى بولاي دېگەندە بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ سالقىن ئىكەن. ئۇلار كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ ۋە ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئازراقتىن غىزالىنىپ، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا تۇساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك بوران كۆرۈلۈپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا ناھايىتى قورقۇنچلۇق يوغان بىر دۆۋە تۇرغۇدەك، شاھزادە دۆۋىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. مەلىك كوكۇلا دۆۋىگە قارشى چىققۇچە دۆۋە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. شاھزادە تاڭ ئاتقاندا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، مەلىك كوكۇلا يوق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە قاتتىق ھەسرەت - نادامەتلەر چېكىپ، مەلىك كوكۇلىنى تېپىش ئۈچۈن، دۆۋىنىڭ تۇرارگاھىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ماڭغاندىمۇ ناھايىتى مول مېڭىپ، ئاخىر دۆۋىنىڭ تۇرارگاھىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئەتراپ گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەر ۋە دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان، قۇشلار بەس - بەستە سايرىشى-ۋاتقان، مەلىك كوكۇلا بولسا گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى قاشتېشى كارىۋاتتا شۇنداق شېرىن ئۇخلاۋاتقانىكەن. شاھزادە بېرىپ مەلىك كوكۇلىنى ئويغىتىپتۇ. مەلىك كوكۇلا:

— بۇ يەردىن چاپسان كېتەيلى، بولمىسا دۆۋە كېلىپ قالسا، ئەھۋالىمىز چاتاق، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئاتلىرىغا مىنىپ قېچىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە ئاسمان دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، دۆۋە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئۇ ئىككىسىگە ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. شىرئەلى قورقۇپ بىر تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. مەلىك كوكۇلا بولسا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ دۆۋىنى بىر چاپقانىكەن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. شىرئەلى بىلەن مەلىك كوكۇلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئۇلار ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، ئەتراپ يورۇغان، يېنىدا شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت مەلىك كوكۇلىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغانمىش. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت مەلىك كوكۇلىغا تەزىم قىلىپ:

— ئەي گۈزەل نازىنىن، مېنى ئەسلىدە يالماۋۇز موماي سېھىر ئىشلىتىپ، بەتبەشىرە دۆۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. مەن سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا، سىزنى ئۆزۈمنىڭ تۇرارگاھىغا ئەكىلىۋالغان. لېكىن، ئەپتىم بەتبەشىرە بولغاچقا، تا ھازىرغىچە سىزگە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. سىزنىڭ نازۇك قوللىرىڭىز بىلەن ئۇرغان بىر قىلىچىڭىز مېنى سېھىر - جادۇدىن خالاس قىلدى. مەن ھازىر ئەسلىمگە قايتتىم. ماڭا ياتلىق بولۇڭ، — دەپتۇ.

مەلىك كوكۇلا ئۇيۇلۇپ يۈزلىرى قىزىرىپ، پەر پەس سۆكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن نازۇك قوللىرىنى يىگىتكە ئۇزىتىپتۇ. ئۇلار ئاتقا مىنىپ كېتىپتۇ.

شىرئەلى بولسا ئۆزىنىڭ جۈرئەتسىز، قورقۇنچاقلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ، شاھ ئاتىسىدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: رەھىمە خېۋىر
رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىم

www.uyghurkitap.com

# ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار ۋە 21 - ئەسىردىكى خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرى

يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** قەدىمكى زاماندىكى ئاياللارنىڭ يىراق ئۆتمۈشى بىلەن تونۇشۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن غەم - قايغۇ، دەرد - ئەلەم، بالايىئاپەت ۋە ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئەسلەپ، بەختسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ مەنبئى، سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە 21 - ئەسىردىكى خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى، شۇنداقلا تەقدىرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش — نۆۋەتتە ھەربىر ئانا، خوتۇن - قىز، ئاچا - سىڭىل ۋە ئۇلارنىڭ مېھرىبان شاپائەتچىسى، كۈچلۈك ئارقا تىرىكى، ئىمانلىق تەربىيىچىسى بولمىش ھەربىر ئاتا، ئەر - ئوغۇل، ئاكا ۋە ئۇكىلارنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشىغا تېگىشلىك جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى زامان قانۇن تارىخچىسى مۆھتىرەم يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى ئەپەندىنىڭ بۇ رىسالىسى دەل مانا مۇشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلەن ئىززەت - ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تېنەپ قېلىۋاتقان خوتۇن - قىزلىرىمىزغا توغرا يول كۆرسىتىپ روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا خوتۇن - قىزلار مەسىلىسى مۇتالىئە قىلىنغان ئۆزگىچە بۇ رىسالىنى ژۇرنىلىمىزدا تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلدۇق.

## 1

ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئاتىسى ھېسابلانغان قەدىمكى مىسوپوتامىيە ۋادىسىدا بۇنىڭدىن ئالاھازەل قىياس ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇن ياشىغان سومېرلار، ئاسورىيلەر ۋە بابىلونلىقلارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدا ئاياللارغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 18 - ئەسىردە قەدىمكى بابىل خانلىقىنىڭ پادىشاھى ھامۇرابى تەرىپىدىن جاكارلانغان «ھامۇرابى قانۇنى» دا ئاياللارنىڭ گۇناھكارلاردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماددىلار بار، ئۇنىڭغا ئاساسەن، ئەرلەر ئاياللارنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۆلتۈرگۈچىگە ئۆلۈم كەلمەيتتى. ئەرلەر ئاياللىرىنى سېتىۋېتىشكە ياكى قۇل ئورنىدا قەرزگە تۇتۇپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. ئاياللار ئەرگە تېگىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىبادەتخانىلارغا كېلىپ، سېتىلىدىغان بۇيۇم ئورنىدا تۇراتتى. چىرايلىقلىرى دەرھال سېتىۋېلىنسا، سەتلىرى ئۈچ - تۆت يىللاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق ئىبادەتخانىلار تولاراق پاھىشەخانا خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى. دەللاللار قاۋاقخانا ئېچىپ، سولامچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى ئۆز تېنىنى سېتىپ جان باقاتتى. قەدىمكى ھىندىستاندا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ھىندى ئالىمى دوكتور گوستاپ ئەپەندىنىڭ «تەمەددۇنى ھىندى» (ھىندى مەدەنىيىتى) دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەردە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى قانۇنىدا: «ۋابا كېسىلى، ئۆلۈم، دەۋزەخ، زەھەر، زەھەرلىك يىلانلار، ئوت قاتارلىقلارمۇ خوتۇن كىشىدىن ياخشىراقتۇر» دېيىلگەن.

ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ تەقدىرى ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغان ئەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەرلىرى ئۆلسە ئۇلار ئەرلىرى بىلەن بىللە تىرىك كۆمۈلەتتى ياكى ئوتتا كۆيدۈرۈلەتتى. «مانۇ قانۇنى»دا: «ئاياللار قىز بولسۇن، جۇۋان بولسۇن ۋە ياكى قېرى موماي بولسۇن، ئۆز ئەركىنلىكىنى تاللاش ھوقۇقى يوق. ئۇلار ئۆيدە ئاتىسىغا، تالاغا چىقسا ئېرىگە، ئېرى ئۆلسە ئوغلىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. تول ئاياللارنىڭ قايتىدىن ياتلىق بولۇشى راۋا ئەمەس. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە تارىنىش، ياسىنىش جەھەتتە ئۆلگىچە پەرھىز تۇتۇشى لازىم. ئاياللارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق، ئۇلارنىڭ بارلىقى ئەرلىرىگە مەنسۇپ» دېيىلگەن. ئۇلار دەرەخ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان بولغاچقا ھەر يىلى شۇلارغا ئاتاپ ھەربىرى ئۈچۈن بىردىن قىز قۇربانلىق قىلاتتى.

مۇئەللىپ ئابدۇلفەتتاھنىڭ «روح الدين الاسلامى» (ئىسلام روھى) دېگەن ئەسىرىدىكى قەيتلەرگە قارىساق، «تەۋرات»مۇ خوتۇنلارغا ھىندى قانۇنلىرىدىن رەھىملىكرەك ئەمەس ئىدى. تەۋراتنىڭ «جامىئە» قىسمىدا مۇنداق يېزىلغان: «خوتۇن كىشى ئۆلۈمدىنمۇ ئاچچىق بىر نەرسىدۇر. خوتۇن كىشى (ئادەمنى ئوۋ قىلىدىغان) سىرتماق، ئۇنىڭ قەلبى قىسماق، ئۇنىڭ ئىككى قولى كىشەندۇر. مىڭ ئادەم ئارىسىدىن كېرەكلىك بىر ئادەم تېپىلىدۇ. مىڭ خوتۇن ئارىسىدىن كېرەكلىكىدىن بىرسى تېپىلمايدۇ».

مىسىرلىق دوكتۇر ئەھمەد شەلەبىنىڭ «مۇقارىنەتۇل ئەديان ئەل ئىسلام» دېگەن كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 6 - ئەسىردە رىم ئاقساقاللىرى «ئاياللار روھى بار جىسىممۇ ياكى مۇتلەق جىسىممۇ؟» دېگەن تېمىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئاياللار دەۋزەخ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئۇ دۇنيالىقى يوق، روھى بار پاسكىنا جىسىم، ئۇلار گۆش يېمەسلىكى، كۈلمەسلىكى كېرەك. ئۇلار ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئەرلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا يارىتىلغان» دېگەن پىكىردە بىرلىككە كېلىشكەن.

رىملىقلار ئاياللارنى شەيتاننىڭ ھەمراھى، ئازدۇرغۇچى يامان روھ، بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى، شەيتان ئادىمىزاتنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاياللار ئارقىلىق چىرىتىدۇ ۋە نابۇت قىلىدۇ، دەپ قاراپ، خوتۇن - قىزلىرىنى تۆلەم ئورنىدا باشقىلارغا بېرىۋېتەتتى. ئاياللار ھەر خىل تەن جازالىرىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ چاغدىكى ئاياللارنىڭ سۆزلەش ھوقۇقى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، رىملىقلار ئاياللارنىڭ ئاغزىغا تۆمۈر قۇلۇپ سېلىپ قوياتتى. بەزى ئالىملار بۈگۈنكى كۈندىكى ئاياللارنىڭ پۇتىغا سېلىۋالغان ھالقا ئەنە شۇ قەدىمكى زاماندىكى ئاياللارنىڭ پۇتىغا سېلىنغان كىشەندىن، بويىنىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن زەنجىر بولسا، قەدىمكى زاماندىكى ئاياللارنىڭ بويىنىغا سېلىنغان قۇلۇپلۇق زەنجىردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، قۇلىقىغا سالغان ھالقا ۋە قولىدىكى ئۈزۈكلەرمۇ ئەنە شۇلارنىڭ رىۋاجى، دېيىشىدۇ. «شۇبھاتى ھەۋلەل ئىسلام»دا يېزىلىشىچە، ئافىنا (يونان) ئاياللىرى ئېلىپ - سېتىلىدىغان ماددىي بۇيۇم ئىدى. ئۇلار ئاياللارنى شەيتاندىن ئاپىرىدە بولغان مەينەت، پاسكىنا مەخلۇق دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ يىرگىنەتتى. ئاياللارنىڭ شۇملۇقى، نىجىسلىقى، پەسكەش ۋە بۇزۇقلۇقىدىن گۇناھ سادىر بولىدۇ، ئاياللاردىن يىراق تۇرغاندىلا ئاندىن ئالىي پەزىلەت ۋە يۇقىرى مەرتىۋە قولغا كېلىدۇ، دەپ قارايتتى. يەنى ئىسرائىل قەبىلىسى (يەھۇدىيلار) نىڭ خاتا گۇمانىچە ئاياللار ئەرلەرنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان بولۇپ، ئۇلار كەمسىتىلىپ ئەڭ ئېغىر ئىشلارغا سېلىناتتى. ئۇلار بەزىدە قىزلارنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر ئۆتكۈزەتتى. پارس تارىخچىسى شاخىم ماكارئوسنىڭ «ئىران تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەرگە قارىساق، قەدىمكى ئىران نادانلىق بىلەن جىنايەتنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە تېخى مەۋجۇد بولمىغان نىكاھ تۈزۈمى ئىراندا قانۇنلۇق دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، شۇ ۋاقىتتىكى ئىران پادىشاھى يەزدىگەرد II ئۆزىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، خوتۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. مەشھۇر ئەرەب تارىخ ئالىمى ئەبۇجەئفەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مۇھەممەد بىننى جەرىر بىننى يەزىد ئەل ـ تەبەرى (ھىجرىيە 224 ـ 310) نىڭ «تارىخى تەبەرى» دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەرگە قارىغاندا، ئىران شاھى بەھرام چۈبىن ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغان ئىدى. شۇەنزاڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە يېزىلىشچە، ئىران جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنى ھەرقانداق شەكىلدىكى نىكاھلىنىشنى چەتكە قاقمايتتى.

ئىران ساسانىيلار دەۋرىدە مانى دىنى تەلىماتى مەيدانغا كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇ زاماندا ئەۋج ئالغان ئەخلاقسىزلىق ھەم چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى ئىران پەيلاسوپلىرىنىڭ قىزىقىپ تەتقىق قىلغان ئاتالمىش يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق كۈرىشى تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. مانى (216 ـ 276) مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە ئون ئىككى يېشىدا تەركىدۇنيالىقنى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، شۇ زاماندىكى ئىنسانلار ئارىسىدا يامراپ كەتكەن ھاراقكەشلىك، زىناخورلۇق، شەھۋەتپەرەسلىك قاتارلىق قورقۇنچلۇق كېسەلنى ئۇنىڭ تەلىماتى ئارقىلىق داۋالىغىلى بولاتتى. ئۇ بارلىق رەزىللىكلەر قاراڭغۇلۇقنىڭ يورۇقلۇققا قارشى تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقنى بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن ئىنسانلار نەسلىنى ئاۋۇتماسلىقى كېرەك، دېدى. رىۋايەتتە ئۇنىڭغا ئون ئىككى يېشىدا ۋە يىگىرمە تۆت يېشىدا ئىككى قېتىم زىناخورلۇق ۋە ئادەم، جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش ھەققىدە ۋەھيى كەلگەن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ دىنىي تەشۋىقاتىغا ئاتىسى ۋە باشقا يەنە ئىككى ئادەملا ئاۋاز قوشقان. ئۇ ئۆز تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن تەبىسغۇن، موقران، تۈركىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا كەلگەن. ئاخىرىدا مىلادىيە 273 ـ يىلى مانى مەملىكىتى ئىرانغا قايتتى. ئەمما، شۇ ۋاقىتتىكى ئىران پادىشاھى بەھرام: «بەختسىزلىكنى تەشۋىق قىلغۇچى بۇ ئادەمنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتىدىغان سۈيىقەستى ئىشقا ئېشىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك» دەپ جاكارلىدى ۋە 276 ـ يىلى بەھرام ئۇنى تۇتۇپ گۈندى شافۇر زىندانىغا قامىدى ۋە يىگىرمە ئالتە كۈندىن كېيىن كىرستقا مىخلاپ ئۆلتۈردى. مانى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى، شاگىرتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئەمما، ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتى بۇدىنىنىڭ مەركىزى بولغان بابىلونىيە ۋە باشقا شەھەرلەردە تەشۋىق قىلىنىۋەردى. مۇرىتلار ئەزەربەيجان، كىچىك ئاسىيا (ئانا ـ تولى)، مىسىر، مەغرىب (شىمالىي ئافرىقا)، ئوتتۇرا ئاسىيادا دىن تارقاتتى. مانى تەلىماتى شەرقتە، بولۇپمۇ يايلاق مىللەتلىرى ئىچىدە ئۈنۈملۈك تارقىتىلدى. 8 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى.

مانى ئۆلۈپ ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن، يەنى پادىشاھ قۇباد دەۋرى (488 ـ 531) دە ئىرانلىقلارنىڭ شاللاقلىق مىجەزى قايتىدىن قوزغىلىپ، مەزدەك ھەرىكىتى دېگەن بىر تەتۈر بوھران كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئىسلام پەيلاسوپى ۋە تارىخ ئالىمى ئەبۇ فەتتاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەھمەد شەھرىستانى (1086 ـ 1153) نىڭ «دىن ۋە مەزھەپ» دېگەن ئەسىرىدىكى قەيتلەرگە قارىغاندا، مەزدەك ئىنسانلار بىر ئاتا بىر ئانىدىن تۆرەلگەن. شۇڭلاشقا خۇددى ئوت، سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەككە ئېھتىياجلىق بولغاندەك جاھاندىكى بارلىق ئەرلەر، بارلىق خوتۇنلار ۋە مال ـ دۇنيادىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەشۋىق قىلدى. بۇ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ بېشىغا كەلگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك چوڭ بىر ئاپەت، شۇنداقلا بارلىق ئەركەكلەرنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان دەھشەتلىك كەمسىتىش ئىدى. مەزدەك تەلىماتى ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەڭ خۇددى «تارىخى تەبەرى» دە ئېيتىلغىنىدەك، «ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بىمەنە، چاكىنا، شاللاق ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەزدەك مۇرىتلىرىغا ئايلاندى. ھەتتا پۇقرالارمۇ خۇددى شىددەتلىك بوران كەبى كەلگەن بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۆز ئىختىيارىچە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە

ئۇسۇپ كىرەلەيتتى، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تونۇمايدىغان، بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنى تونۇمايدىغان بولدى». ئۇلارنىڭ ھايۋانلاردىن ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى. مەزدەك مۇرىتلىرى پادىشاھ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، پادىشاھ قۇبادنى ئۆزلىرى بىللە بۇ ھەرىكەتكە قاتنىششقا قىستىدى. مەزدەك دىنى پادىشاھنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىدە ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى. ئىران چىرىكلىك، مالىمانچىلىق، زىنا، پاھىشە، شەھۋەتپەرەستلىك، پاسكىنا، مەينەتچىلىك بىلەن بۇلغانغان، خوتۇن ـ قىزلار قاتتىق دەپسەندە قىلىنغان بىر قورقۇنچلۇق دۇنياغا ئايلاندى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بۇنىڭغا قەتئىي يول قويمايتتى. مىلادىيە 496 ـ يىلى ئىران ئاقسۆڭەكلىرى پادىشاھ قۇباد I نى تەختتىن چۈشۈردى. 6 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەزدەكلەر ئىفتالىتلار ئارىسىدا پاناھلىنىۋاتقان پادىشاھ قۇباد I دىن ئۆزلىرىنى تەختى ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، 529 ـ يىلىدىكى ئاقساقاللار كېڭىشى مەزدەك تەلىماتىنى بىدئەتلىكتە ئەيىبلەپ، مازداق ۋە ئۇنىڭ سەكسەن مىڭ مۇرىتىنى دارغا ئاستى.

ھىندىستانلىق ئىسلام ئالىمى مەۋلانا ئەبۇل ھەسەن ئەلى نەدىۋىنىڭ «مازاخەسىرەل ئالەم بىنھىتاتىل مۇسلىمىن» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدىكى قەيتلەردىن جاھالەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر رەزىللىك بىلەن قاباھەتنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، جازانىخورلۇق، زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جاھالەت دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ناچار، قەبىھ ئادەتلەرنى تەسۋىرلەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ يازما ۋەسىقىلىرىدىنمۇ ھاراقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. قىمار — ئەرەبلەرنىڭ پەخىرلىنىدىغان بىر خىل كەسپى بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قىمارغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى رەت قىلىشنى ئادەمنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلمىغانلىق ھېسابلايتتى. قىمار كۆپىنچە قەبىلىلەر ئارىسىدا بولىدىغان قىساس ۋە قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەبچى بولاتتى. زىنا ئەرەبلەردە گۇناھ ھېسابلانمايتتى. پاھىشىۋازلىق ھەر خىل شەكىللەر بىلەن بۇ جەمئىيەتنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، پاھىشە ئاياللار ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا بىر بايراق قاداپ بەلگە قىلىپ قوياتتى. ئەرەب ئاياللىرىدا مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. تۇل خوتۇنلار ۋە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنلارنىڭ قايتا ئەرگە تېگىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئاتىسى ئۆلسە خوتۇنلىرى بىلەن مال ـ دۇنياسىغا چوڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلاتتى. غۇرۇر ۋە نامراتلىق تۈپەيلى يېڭى تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان قەبىھ ئادەت ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەر ئون ئەرەبتىن بىرى قىزىنى ئۆلتۈرۈپ گۇناھكار بولاتتى. بۇ چاغدا تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان قىممەتلىك سوۋغىسى بولغان ئەخلاق ئېتىباردىن يىراقلاشتى، باتۇرلۇق بىلەن كۈچ زورراۋانلىق ۋە زۇلۇمنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندى. بۇزۇپ چېچىش ۋە ئىسراپچىلىق سېخىيلىقنىڭ بەلگىسى قىلىندى، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش غۇرۇر سانالدى. پىلان ـ تەدبىرنىڭ ئورنىغا ھىيلىگەرلىك دەسسىدى. ئەقىلنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى جىنايەتنى لايىھىلەش ياكى كۆز كۆرسە يۈرەك جىغىلدايدىغان، يىڭچە چىرىك، شەھۋانە تۇرمۇشنى ئىجاد قىلىش بولۇپ قالدى. ئادەم ياشايدىغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ھەسرەت ـ نادامەت ۋە ئەندىشە ـ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئەۋج ئالدى. سىياسەت قالايمىقان ئىشلىتىلدى، ئۇ خۇددى قالايمىقان چېپىپ يۈرگەن ياۋا تۆگىگە، ھوقۇق كەيپ بولۇپ قالغان ھاراقكەشنىڭ خەنجىرىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئەقىلدىن ئاداشقان بولۇپ، مەيلى ئۆزىگە ياكى ئۆزگىگە بولسۇن پىچاق بىلەنلا تاقابىل تۇراتتى.

يىغىنچاقلىغاندا، خىرىستىيان دىنى يىلتامىسىنىڭ 6 ـ ئەسىردە دۇنيادا بىرەرمۇ ساغلام دۆلەت، پەزىلەتلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غايىلىك بىرەرمۇ جەمئىيەت، پۇقرالىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان بىرەرمۇ ئەدلى ـ ئادالەتلىك دانا ھۆكۈمران يوق بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى دۇنيا تەپرىقىچىلىك ۋە توپىلاڭلارنىڭ ئانا مەنبەسى بولۇپ قالغان ئىدى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بۇرمىلانغانلىقتىن كىچىككىنە يورۇقلۇق چىقىرىپ تۇرغان چىراغ ۋە ئىبادەتخانىلار زۇلمەت كېچىدە خىرە ـ خىرە يورۇپ تۇرغان شامغا ئوخشايتتى. ئۇ چاغدا ھەقىقەتنىڭ نۇرى ئۆچۈپ، ئادالەت ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ئىدى. گەرچە ئىنسانلار زۇلمەت ئىچىدە نەچچە ئون يۈز يىل ئىزدەنگەن بولسىمۇ، بىرەر كۈچمۇ ئۇلارنى خەتەرلىك يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغان ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. مانا مۇشۇنداق بىر چاغدا يەنە كېلىپ خۇددى ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» دېگەن كىتابىدا ئېيتىلغىنىدەك: «زامان ئەھلىنىڭ ئەڭ ساغلاملىرى كېسەل، ئەڭ سۆزمەنلىرى كېكەچ بولۇپ قالغان بىر چاغدا، تەڭرىم ھالال بىلەن ھارام ئىشلار ئېنىق ۋە تولۇق بايان قىلىنغان قۇرئاننى جىبرىئىل ئارقىلىق مۇھەممەدكە چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن توغرا يولنى كۆرسىتىپ، مەشئەل ۋە يول كۆرسەتكۈچ بەلگە تىكلەپ بەردى». مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىماسى سەھنىدىكى داھىي ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ يولىنى تەشۋىق قىلغۇچى، ئىنسانلارنى يامان ئىشتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى نۇرلۇق مەشئەل ئىدى. ئۇ بىر خىل گۇناھ بولىدىغان ئىشنى يەنە بىر گۇناھ بولىدىغان ئىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتمىدى، بىر جايدا ئادالەتسىزلىكنى يوقاتقاندىن كېيىن يەنە بىر جايدا يېڭى ئادالەتسىزلىك پەيدا قىلمىدى. ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇسى تۇپرىقىدا ھەيۋەتلىك ئەرەب قەسىرلىرىنى بىنا قىلمىدى. ئىنسانلارنى رۇم ۋە پارس ئىستىبداتلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىن ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئەدنان ۋە قەھتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خارلىشىغا تاشلاپ قويمىدى. ئۇ بىرەر دۆلەت ياكى ئۇممەتكە دىن تارقاتمىدى، بەلكى ئەرەبلەرنى دىن تارقىتىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشى جەھەتتىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرىك جەمئىيەت ئىدى.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىرشادلىرى ۋە ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەربىرىنىڭ بىر ـ بىرى ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىنى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ يۈكسەك ئالاقىلەردىن قىلدى. «قۇرئان كەرىم» ئېنىق قىلىپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ يارىتىلىشتا، بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكى (1 : 4، 13 : 49)، قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى (35 : 33، 16 : 97، 60 : 12، 4 : 32، 4 : 124)، ئەر بىلەن ئايال ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە ۋە ئىنسانلىق ھۆرمەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكى (70 : 17)، ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەل ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنىشتا ئوخشاش ئىكەنلىكى (195 : 3)، ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرىئىتىدە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇلۇشتا ئوخشاش ئىكەنلىكى (84 : 28)، ئەر بىلەن ئايالنىڭ قىساستا ئوخشاش ئىكەنلىكى، يەنى بىر ئەر بىر ئايالنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى شۇنىڭدەك ئەگەر بىر ئايال بىر ئەرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭمۇ شۇ ئەر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى (178 : 2)، ئەر بىلەن ئايال مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئوخشاش ئىكەنلىكى، يەنى ئەر كىشى مال ـ مۈلۈككە قانداق ئىگە بولالىسا، ئاياللارنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش مال ـ مۈلۈك ساھىبى بولۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى (33-32 : 4)، ئەر بىلەن ئايال مىراس ئېلىش ھوقۇقىدا ئوخشاش ئىكەنلىكى، يەنى ئەرلەر مىراس ئالغاندەك ئاياللارنىڭمۇ مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى (7 : 4) قاتارلىقلارنى بېكىتتى. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىش ھوقۇقىدا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، يەنى ئەرلەر ئۆزلىرى خالاپ ياخشى كۆرگەن ئاياللار بىلەن توي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

بولغاندەك، ئاياللارنىڭمۇ ئۆزلىرى خالاپ ياخشى كۆرگەن ئەرلەر بىلەن توي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئوغۇل ـ قىزلارنى ئۇلار خالىمىغان بىرسى بىلەن توي قىلىشقا زورلاشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار ئۆزلىرى خالىمىغان ئەرلەرگە تەگمەسلىككە، ئۆزلىرى خالىغان ئەرلەرگە تېگىشكە ھوقۇقلۇق بولدى. بۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ ھوقۇقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ھوقۇق ئىدى. ئىسلام دىنى ئەرلەرنى ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئاياللارنى ئەرلەرنى ھۆرمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. ھەمدە خۇددى ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بارلىقىنى بىلدۈردى. ئىسلام دىنى ئاياللار خۇسۇسىدا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق بىر دىن ۋە مەدەنىيەتكە قارىغاندا ئىلغار يول تۇتتى. «قۇرئان كەرىم» ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىلىم يالغۇز ئىمتىياز ئىگىلىرىگىلا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدىغان ھەرقانداق كىشىگە مەنسۇپ ئىدى. ئىسلام دىنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە بۇيرۇلۇشتا ئوخشاش ئىكەنلىكى، يەنى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغاندا ئەر، ئايال دەپ ئايرىماستىن ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش ئەمىر قىلىدىغانلىقىنى، بىلىمنىڭ دىنىي ئىلىم ۋە شۇنداقلا شەخسكە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە پايدىلىق بارلىق ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى (18 : 3، 28 : 35، 39 : 9) قاتارلىقلارنى ئوقتۇردى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ مۇھىم بىر بەلگىسى قىلىپ بېكىتتى. رەسۇلۇللا ھەزرەتلىرى خۇددى مەشھۇر تاتار ئالىمى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن (1859 ـ 1936) نىڭ «جەۋامىئۇلكەلىم شەرھى» كىتابىدا كۆرسىتىلگەندەك «پۈتۈن ئەھلى ئىسلام ئىچىدە ئىلىم يېيىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆزى ئۆگىنىش لازىم ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلاتتى. لېكىن بۇ (تەشەببۇس) بەختسىزلىككە قارشى بۈگۈنگە قەدەر (20 ـ ئەسىرگە قەدەر) مۇسۇلمانلار ئىچىدە ھېچبىر ئەسىردە ۋە ھېچبىر مەملىكەتتە ئىجرا قىلىنمىدى ۋە ئەمەللەشتۈرۈلمىدى. بۇنىڭ گۇناھى دىندا ئەمەس، بەلكى ئۈممەتنىڭ ئۆزىدە» ئىدى.

## 2

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامىيەت دۇنياسىدا بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ئالىملار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار 19 ـ ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ مەسخىرىلىرى بىلەن ئەيىبلەشلىرىگە باھانە بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى؛ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كېمىيىپ، خار ـ زەبۇنلۇقلارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى؛ سەپەر يۈرۈشلىرىگە خۇراپاتلىق ئارىلىشىپ، دېھقانچىلىق، سودا ـ سانائەتتە ئارقىدا قالغانلىقىنى؛ رەسۇلۇللا زامانىسىدا خاتىمە بېرىلگەن جاھىلىيەت دەۋرى ئىللەتلىرىنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى ھەم بۇلارغا سەۋەب بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ دەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيلى ئېتىبارى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار ئىسلام دىنىنى دەۋرگە ماس ھالدا شەرھلەپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي روھىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق (يېڭى نەرسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس) غەرب ئەللىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا ۋە ساغلام بىر دۆلەت شەكلى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ئىسلامىيەت دۇنياسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ تەرەققىي تاپتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاھالىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغان ئاياللارنى ئويغىتىش، ئۇلارنىڭ جاراھەتلەنگەن

www.uyghurkitap.com

قەلبلىرىگە مەلھەم سۇرۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئانىلىرى، ئاچىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە سىڭىللىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشتى.

يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىدا ئاياللار مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغۇچىلارنىڭ باشلامچىسى ۋە بايراقدارى مىسىرلىق ئىمام ئەزھەرى شەيخ رىفائەرافى ئەل ـ تەختەۋى (1801 ـ 1875) بولدى. ئۇ يېقىنقى زاماندىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، شۇنداقلا مىسىرغا ئەڭ بۇرۇن غەرب دۇنياسىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپىتى بىلەن دېموكراتىك ئىدىيىنى كىرگۈزگەن داڭلىق مۇتەپەككۇر ۋە مائارىپچى ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1241 (مىلادىيە 1825 ـ 1826) ـ يىلى، يەنى يىگىرمە يېشىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئەللامىسى ھاشىم ئاتا دېگەن كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مىسىر نائىبى مۇھەممەد ئەلى پاشا (1769 ـ 1849) تەرىپىدىن پارىژغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىمام بولۇپ تەيىنلەندى ۋە 1826 ـ يىلدىن 1831 ـ يىلغىچە پارىژدا تۇردى. گەرچە ئۇ پارىژغا ئىماملىق سالاھىيىتى بىلەن (ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس) بارغان بولسىمۇ، فرانسۇز تىلىنى قىلچە بوشاشماي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى قابىل تەرجىمان بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، يۇنان پەلسەپەسى، دىنشۇناسلىق، جۇغراپىيە ئىلمى، ماتېماتىكا، مەنتىقە ئىلمىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇدى. ئۇ سىستېمىلىق ھالدا يەنە فرانسىيە مۇتەپەككۇرلىرىدىن مۇنتىيوسكو، ۋولتىر ۋە روسسۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. مۇھەممەد ئەلى پاشا ئۆزىنىڭ پارىژغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن فرانسىيىنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت نەرسىلەرنى كۆپ بىلىپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، تەختەۋى ئۇنىڭ ئەكسىچە فرانسىيىنىڭ ھەممە نەرسىسىگە دىققەت قىلدى. ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا «پارىژغا سەپەر»ناملىق ئەسىرىنى يازدى. بۇ ئەسەر مىسىردىكى «مەتبۇئات بۇلاق» تەرىپىدىن 1834 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىندى، 1839 ـ يىلى تۈركچە نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەردە ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى، مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئىمام تەختەۋى مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1836 ـ يىلى تەرجىمان ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان كەسپىي مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەش بىلەن بىللە شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نەشر ئەپكارى ـــ «ئەل ۋەقايى ئەل مىسرىيە» نىڭ باش مۇھەررىرى بولدى. مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ تارىخىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا ھەممىدىن بەك كۈچ ئاجراتتى، «قەدىمكى دۇنيا تارىخى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى فرانسىيە پادىشاھلىرى»، «ئىمپېراتور پېتىر»، «پادىشاھ چارلىز VII نىڭ تارىخى»، «رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى» قاتارلىق كىتابلار ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىندى. بۇ كىتابلارنى تەختەۋى ئۆزى تاللىغان ئىدى. تەختەۋى مۇھەممەد ئەلى پاشا زامانىسىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ نەۋرىسى ئابباس پاشاھېلىمسانى زامانىسىدا (1848 ـ 1854) ۋە ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى سەئىد پاشا زامانىسىدا (1854 ـ 1863) ئېتىۋاردىن يىراقلاشتى. چۈنكى، بۇ ئىككى ھۆكۈمران غەربلىشىشكە قارشى ئىسلام ئەنئەنىچىلىرى ئىدى. ھىجرىيە 1279 (مىلادىيە 1863) ـ يىلى ئىسمائىل پاشا تەختكە چىققاندىن كېيىن تەختەۋىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇ 1870 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكىدە تەتقىقات ۋە ژۇرنال چىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ مائارىپقا ئائىت «ياشلارنىڭ توغرا يولى»، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئائىت «زامانىمىزدىكى سەنئەت ھۇزۇرلىنىشىدىن مىسىرلىقلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا نەزەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى مانا مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغانىدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە پىشقان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىسىر ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى قاتتىق تەھلىل قىلدى.

ئۇ ئاياللار مەسىلىسىدە ئۆزگىچە بىر

تەپەككۇر ئۇستۇنلۇكىدە تۇرۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئىسلاھاتچىلارغا قارىغاندا دادىل بىر قەدەم باستى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ نورمالسىزلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب خوتۇن ـ قىزلارنىڭ بەدەنلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۇرۇشى بىلەن بەدەنلىرىنى يۆگەپ يۇزىگە چۇمبەل تارتىپ سەترە (يېپىنىۋېلىش) بولۇشىدا بولماستىن، بەلكى تەربىيىلەشنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىدا ئىدى. ئۇ ئاياللار مەسىلىسى ئەھمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ناۋادا ئاياللارنىڭ ئىدىيىسى قاتمال ۋە كونىلىقتا تەۋە بولسا، ئېتىبارغا ئېلىنماي تاشلىۋېتىلىدىغان بىر خىل قارا ئەمگەك كۇچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاياللارغا بولغان تەربىيىنى كۇچەيتىش، ئۇلارنى ئويغىتىپ بايلىق يارىتىدىغان ئەمگەك ۋە خىزمەتكە ئاتلاندۇرۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مىسىرغا تالانتلىق، ئىقتىدارلىق يېڭى ئادەملەر كېرەك. بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش ئۇچۇندۇر، دەپ قارىدى.

تەختەۋىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ تۇرتكىسىدە ئىسمائىل پاشا (1863 ـ 1879) مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۇچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ ھازىرقى زامان مىسىر مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە گۇللىنىشىنى ئىلگىرى سۇردى. ھىجرىيە 1289 (مىلادىيە 1873) ـ يىلى ئىسمائىل پاشا ئۇچىنچى خوتۇنى جاسىر ئەفتەرخانىمنىڭ تۇنجى قىزلار مەكتىپىنى قۇرۇشغا ئىلھام بېرىپ، بۇ مەكتەپكە سۇفنيە قىزلار مەكتىپى دەپ نام بەردى. 1874 ـ يىلى جۇغراپىيە، تارىخ ۋە دىنىي ئىلىمگە ئوخشاش ئاساسلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. قىز ئوقۇغۇچىلار ماشىنىچىلىق (تىككۇچىلىك)، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىككە ئوخشاش قول ھۇنەرۋەنچىلىك كەسپلىرىدە ئوقۇدى. بۇ ئىش 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشتى.

ئىمام تەختەۋىدىن كېيىن شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ ئىبنى ھەسەن خەيرۇللاھ ھەزرەتلىرى (1849 ـ 1905) مەيدانغا كەلدى. ئۇ ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر ئىسلاھاتچى ۋە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۇرۇشنىڭ يەنە بىر باشلامچىسى ئىدى. ئۇ «الئهرام» ۋە «الۋەقايى المسريه» گېزىتلىرىدە ماقالىلار ئېلان قىلدى. 1889 ـ يىلى جامالىددىن ئەففانى (1839 ـ 1897) بىلەن بىرلىشىپ پارىژدا «مۇستەھكەم بىرلىك» نامىدا تەشكىلات قۇردى ۋە ژۇرنال چىقاردى. «رىسالەئالتوھد»، «ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى ۋە ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتى»، «قۇرئان تەپسىرى»، «ئىسلام دىنى ۋە ئۇنى تەنقىد قىلغۇچىلارغا رەددىيە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق قايغۇراتتى. ئۇ پۇتكۇل ھاياتىنى ئىسلام ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا قارىتىپ، دىنىي رېئال جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆز قارىشى ئېتىقادنى پاكلاپ ئەخلاقنى تەكىتلەش، ئىسلامنىڭ پاكلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام ئەنئەنىسى ئىچىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان كونا قائىدە ـ يوسۇن، ناچار ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قانۇن ـ نىزاملارنى ئىسلاھ قىلىش، دىنىي ئەقلىنىڭ كۇچىگە تايىنىپ دەلىللەش قاتارلىقلار ئىدى. مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرى بارغانسېرى ئۇششاقلاپ ۋە چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتقان دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلام دىنىغا يېڭى ھاياتىي كۇچ بېغىشلىدى. «قۇرئان» نى يېڭى تەپسىرشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە شەرھلەپ، ئۇنىڭدىكى ئېتىقادقا ئائىت ۋەھىيلەرنى ئىجتىمائىي قانۇن تۇرغۇزۇشقا ئائىت ۋەھىيلەردىن ئايرىپ چىقتى. «قۇرئان» ۋە ئىشەنچلىك «ھەدىس» لەر ئىچىدىن زامانىۋى ئىدىيىلەرگە يېقىنراق بولغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، ھۆر پىكىر بىلەن فىقھى ئىلىمگە مەنتىقىلىق يەكۇن بېرىپ يېڭىچە بولغان قانۇن ـ قائىدە ۋە «ئىژما» پرىنسىپىنى بەرپا قىلدى. ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا،

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىسلامىيەتنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت سىستېمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى زامانىۋى تورمۇشقا يېتەكلەپ، دىنىي زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەقىل ـ پاراسەتنى جانلاندۇ-رۇش بىلەن رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەدرىسىچە بولغان مائارىپ تۈزۈمى بىلەن ئەرەب ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى ئىسلاھ قىلىش، زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، يېڭى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش دىنىي ئىسلاھاتنىڭ يادروسى ئىدى.

مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرى ئىسلام دۇنياسىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئائىلىلىرىگە ئېلىپ كەلگەن يامان تەسىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، رەسۇلۇللا دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە يولغا قويۇلغان كۆپ خوتۇنلۇق شۇ زامان ئىجتىمائىي شارائىتى ئاستىدىكى بىر خىل كېلىشتۈرمىچىلىك بولۇپ، «قۇرئان» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايە (4:129، 4:3) ئەمەلىيەتتىكى بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. چۈنكى «قۇرئان» دا قەيت قىلىنغان كۆپ خوتۇنلۇق باراۋەر، ئادىل، شەخسىيەت-سىز بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولۇپ، ئۇنداق ئادىل، باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش (ئەرلەرنىڭ تۆت خوتۇنغا باراۋەر، ئادىل مۇئامىلە قىلىشى) رېئاللىقتا قەتئىي ئىشقا ئاشمايدىغان ئىش ئىدى. مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ خىل شەرھىلىشى مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. شۇنداقلا خېلى نۇرغۇن ئەللەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىكى مۇسۇلمانلار ئائىلە قانۇنىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس ياراتتى.

مۇھەممەد رەشىد رىزا ھەزرەتلىرى (1865 ـ 1935) ئۇستازى مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش، كاتتا ئالىم شۇنداقلا دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1324 (مىلادىيە 1897) ـ يىلى ئۇستازى مۇھەممەد ئەبدۇھنىڭ ياردىمىدە قاھىرەدە «المنار» ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى ۋە ھىجرىيە 1317 (مىلادىيە 1900) ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزى يازغان «قۇرئان تەپسىرى» نى ئۆزىنىڭ مۇھەررىرلىكىدىكى شۇ ژۇرنالدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى. ئۇ «تفسيرالمنار» دەپ ئاتالدى. بۇ قۇرئان تەپسىرى ئەسلىدە ئون ئىككى جىلدقا پىلانلانغان بولۇپ، رەشىد رىزا ھەزرەتلىرى-نىڭ ھاياتلىقىدا ئاران سەككىز جىلد يېزىلدى، قالغان قىسمىنى يېزىشقا ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقىلىق قىلدى. ئۇ ئۇستازى شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرىگە ئاتاپ «تارىخى ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ» دېگەن بىئوگرافىك ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ «قۇرئان تەپسىرى» ھىجرىيە 1346 (مىلادىيە 1927) ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىندى.

رىزا ھەزرەتلىرىنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم» ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدىكى قانۇن دەستۇرى، تېبابەتچىلىك قامۇسى ياكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن تارىخنامە ۋە ياكى سەنئەت بۇيۇمى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارومېتىرى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مىزان ئىدى. رىزا ھەزرەت دېموكراتىك سىياسىي ئاساستا ئەرەب جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىش، مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىپ، ئىسلام دىنى بىلەن ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، دىنىي ئەقىدە بىلەن ئىلىم ـ پەننى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ «قۇرئان تەپسىرى» دە: مۇسۇلمان ئاياللار ئىجتىمائىي تورمۇشقا قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇلارمۇ خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاشلا دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى دىنىنىڭ تەبئىي پرىنسىپلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھوقۇقتا ئوخشاشتۇر. ئەرلەر ۋە ئاياللار فىزىئولوگىيىلىك بەدەن

تۇزۇلۇشى، پسىخىكا ئىقتىدارى جەھەتلەردە تۇغما ئوخشىماسلىققا ئىگە. ئەمما بۇنداق تۇغما ئوخشىماسلىقلار ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىق تۈپەيلى داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇۋەرمەسلىكى ھەم كەمسىتىلمەسلىكى، بەلكى مەشۋەرەت (كېڭەش) ئارقىلىق ھەل قىلىنىشى ھەم تۈگىتىلىشى لازىم، دەپ قارىدى.

ئاياللار مەسىلىسى ھەققىدە ئىسلام دۇنياسىدا ھەممىدىن كۆپ مەخسۇس ئەسەرلەر يازغان كىشى مىسىرلىق ئادۋوكات، سوتچى ھەم ئەدىب قاسىم بەگ ئەمىن (1863 ـ 1908) دۇر. ئۇ مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرىنىڭ يەنە بىر شاگىرتى ئىدى. مىسىرلىق ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئوسمان تۇنجىلىنىڭ «ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار» دېگەن كىتابىدا قاسىم بەگە ئەمىن «شەرق ئەللىرىدە ئاياللار ئەرلەرنىڭ قۇلى، ئەرلەر بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ قۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەر ئائىلىدە ئىستىبدات، جەمئىيەتتە بولسا ئىستىبداتلارغا بويسۇنغۇچىدۇر. ياۋروپا ئەللىرىدە بولسا ھۆكۈمەت ھۆرلۈك ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئاياللارغا ئېتىبار بېرىدۇ، ئاياللار ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن ئۆزگىچە كۆز قارىشى بىلەن شەرق ئەللىرىدىكى ئاياللار ئازادلىقىنى تۇنجى تەشەببۇس قىلغۇچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقارتىش ھەرىكىتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ئۈلگىسى ھەم ۋەكىلى دەپ قارالدى. قاسىم بەگ ئەمىننىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى ئىدىيىسى مىسىردا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئەرەب بۇرژۇئازىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىسىگە قارىتا قارشى ئېلىش ھەم قوبۇل قىلىش تەرىپىدە بولغان بولسا، ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئىسلام پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ غەرب كۈچتۈنگىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ۋە زومىگەرلىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە مۇددىئاسىنى ئېچىپ تاشلاش تەرىپىگە يۈزلەندى. ئۇ ئاياللار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس ئۈچ پارچە ئەسەر يازدى. تۇنجى ئەسىرى «مىسىرلىقلار» دا مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەكىتلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق شەيئىلەرگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، غەرب ئىدىيىسى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ چوڭلۇقى، بەزى غەربلىكلەرنىڭ ئىسلامىيەت تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان كۆپ خوتۇنلۇق، تالاق ۋە يۈزىگە چۈمبەل تارتىش قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ ئىسلام دىنىنى كەمسىتىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تەشەببۇسى ئۆز زامانىسىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ فىقھى قارشىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ھالدا شەرق ئەللىرىدە ئاياللار مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس، ناۋادا بار دېيىلسە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان، دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئاياللار مەسىلىسىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇ بارلىق مىسىر بۇرژۇئازىيىسىگە ئوخشاش بىر مەزگىل ئېچىۋېتىلگەن غەرب بىلەن ئىسلام ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ يۈردى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا غەربلىشىشكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئەسىرى «تحرير المرئە» (ئاياللار ئازادلىقى) ھىجرىيە 1316 (مىلادىيە 1899) ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىندى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئۇستقۇرۇلما ۋە ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن كېلىدىغان بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى، مەۋجۇد سىياسىي تۈزۈم بىلەن ئىدىيىۋى كۆز قاراشلارنى يېڭىلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ سىياسىي تەلىماتى بىلەن ئىدىيىۋى خاھىشى نۇقتىلىق ھالدا ئاياللار مەسىلىسىدە ئەكس ئەتتى. ئۇ بۇ كىتابىدا ئىسلامىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ زەئىپلىشىشىدىن كېلىپ چىققان دەيدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي دارۋىنىزملىق كۆز قاراشنى تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىسلامىيەتنىڭ يېقىنقى زاماندا چېكىنىپ كېتىشىنىڭ مەنبەئىنى ھەرگىزمۇ تەبىئىي مۇھىتتىن ئىزدەشكە بولمايتتى. بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبى جەمئىيەتتىكى گۈزەل ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ يوقىلىشى، ئەر ـ

ئاياللارنىڭ باراۋەرسىزلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى ئائىلە تەربىيىسى، مىللىي مائارىپ، ئىجتىمائىي مائارىپنىڭ يېتەرسىزلىكى، شۇنداقلا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ قالاقلىقىدا، قالاقلىقنىڭ بولسا ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەرسىزلىكىدە ئىپادىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا تېگىشلىك ئورۇن بەرمىگەنلىكىدە ئىدى. ئۇ ئاياللار مەسىلىسىنى ئىجتىمائىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاساسىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بېرىش، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، تېببىي ئىلىم، فىزىولوگىيە ساۋاتلىرىنى ئۆگىتىش، شۇنىڭدەك ئۇلارنى تەبىئىي پەن، ئەخلاق، ئېتىكا، دىنىي ئىلىم، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىش لازىم. ئاياللارنى تەربىيىلەشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئەرلىرى بىلەن مەدەنىي ھالدا ياشاشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاياللار ھوقۇقىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ، مانا مۇشۇنداق مىسلىسىز دەرىجىدە ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي مائارىپ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان ھاكىممۇتلەقلىق ۋە مۇستەبىتلىكىگە خاتىمە بېرىدۇ. شۇنداقلا ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆگىۋېلىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقماسلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. قاسىم ئەمىن «قۇرئان» ئاياللارنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىپ يۈرۈشىنى قاتتىق چەكلىگىنى يوق. ئاياللارنىڭ خالىي جايغا كىرىپ بېكىنىۋېلىشى ھەققىدە ئېنىق كۆرسەتمە بەرگىنىمۇ ھەم يوق. ئاياللار يۈزىگە چۈمبەل سالسا، ئۇلارنىڭ خىزمەتلەرگە، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىشى، كوللېكتىپ يىغىلىشلارغا قاتنىشىشى، توختاملارنى تۈزۈشى، سودا قىلىشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. سەترە بولغان ئاياللارنىڭ ئەخلاقلىق، شەرم - ھايالىق بولۇشى، سەترە بولمىغانلارنىڭ ئەخلاقسىز، شەرم - ھاياسىز بولۇشى ناتايىن.

ئاياللارنىڭ ئۆيدىن چىقماي، جەمئىيەت بىلەن ئۇچراشماي، يالغۇز پىنھان تۇرۇشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسى يوق، ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ پايدىسىز. بۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ ئۆزىدىكى جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

ئاياللار ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە قاسىم بەگ ئەمىن ئۇستازى مۇھەممەد ئەبدۇھ ھەزرەتلىرىدەك «شەرىئەت» كە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ شەرىئەتنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىدىغان مەزمۇنلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. ئۇ بەزىلەر ئاتىغاندەك ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى پائالىيەتچىسى ئەمەس بەلكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن بۇرۇن «قۇرئان»، «ھەدىس» ۋە شەرىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى ۋە ئېتىقادىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن شۇ ئاساستا ھۆكۈمەت ئىشىغا قاتنىشىش ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنى مۇلاھىزە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئىسلاھاتچى ئىدى. ئۇ «قۇرئان» ۋە شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە ئەر - ئاياللار تالاش - تارتىش قىلماي ئەمەل قىلىشى كېرەك، قۇرئان ۋە شەرىئەتتە كۆرسىتىلمىگەن ئىشلاردا ئەر - ئاياللار ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىغا پايدىلىق - پايدىسىزلىقىدىن ئىبارەت قىممەت قارىشىدا تۇرۇپ تاللاش لازىم. شۇنداقلا دىنىي بەلگىلىمىلەردىن باشقا يەنە ئىنسانلار ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئۆرپ - ئادەت مىزانلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى تۇراقلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەر - ئايال مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئىجتىمائىي ئىشلارغا بولغان يېڭىچە قاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

ئۇ ئاياللار مەسىلىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى تەرىپىدىن

بەلگىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، مىسىر ئاياللىرىنى شەرىئەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە ھازىرقى ھالىتى ۋە ئورنىنى ياخشىلاشقا چاقىردى. ئۇ ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئەمما مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ياۋروپادىكىدەك يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشىگە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكە يۈزلىنىشىنى، ئەمما ئاياللار قىلسا بولمايدىغان بەزى ئىشلار مەسىلەن، خەلىپە (دۆلەت باشلىقى)، ئىمام (دىنىي داھىي) قاتارلىق سىياسىيلىق كۈچلۈك خىزمەتلەرنى ئاياللارنىڭ قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپ خوتۇنلۇق مەسىلىسىگە «قۇرئان»، «ھەدىس» لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى ۋە شەرت ئاستىدا ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش، چەكلەش، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىگە ئەپكېلىدىغان يامان تەسىرىنى تۈگىتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ غەيرىي ئىسلام ئاياللىرىنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشى، شۇنداقلا ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى. ئۇ ئاياللار ئازادلىقى بىلەن مىللەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاياللارنى چەكلەپ قويۇش دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئەرلەردە نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقى بولۇش، ئاياللاردا بولماسلىقتەك ئادەتلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

قاسىم بەگ ئەمىنىنىڭ قانچىلىك ئېھتىياتچان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ «ئاياللار ئازادلىقى» دېگەن ئەسىرى جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، كىتاب نەشىردىن چىقىپ بىرقانچە ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇنى تەنقىدلەيدىغان ماقالە ۋە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى شۇ ۋاقىتتا ئىستانبۇل دارۇلفۇنۇنلىرى بىلەن ئورۇنبورگ مەدرىسلىرىدە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇشلۇق بولغان «مۇسۇلمان خوتۇن» دېگەن كىتاب بولۇپ، ئۇ قاسىم بەگ ئەمىنىنىڭ «تحريرالمرئە» دېگەن ئەسىرىگە قارشى مۇسۇلمان ئالىمى فەرىد ۋاجىدى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىدى. فەرىد ۋاجىدى بۇ ئەسىرىدە قاسىم بەگ ئەمىنىنىڭ ئاياللار ئازادلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىجابىي ۋە ئەقلىي تەرزىدە تەنقىد قىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى «شورا» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان سان ۋە سەھىپىلىرىدە بۇ مۇنازىرىگە ئورۇن بېرىپ، غ. بەتتالىنىڭ قاسىم بەگ ئەمىنىنىڭ كىتابىغا يازغان تەنقىدىي ماقالىلىرى بىلەن ز. قادىرىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان جاۋابلىرىنى باستى. ز. قادىرى قاسىم بەگ ئەمىنىنىڭ «تحريرالمرئە» كىتابىنى ئەرەبچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ئىدى. ن. ئەغايىف ئىستانبۇلدا چىقىدىغان «تانىن» گېزىتىگە تەپسىرشۇناس فەرىد ۋاجىدىنىڭ «مۇسۇلمان خوتۇن» دېگەن كىتابىغا يۇقىرى باھا بېرىپ مەدھىيىلەر يازغان. تەنقىدكە قارشى تەنقىد مەقسىتىدە قاسىم بەگ ئەمىن ھىجرىيە 1317 (مىلادىيە 1900) - يىلى «يېڭى ئاياللار» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ بىرقانچە بۆلەكلىرى ئۇنىڭ «ئاياللار ئازادلىقى» دېگەن ئىككىنچى كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلىرىنىڭ يېڭى بىر شەكلىدە شەرھلىنىشى بولۇپ، بۇ ئەسەر نەشىردىن چىقىش بىلەن تەڭلا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك مۇنازىرە قوزغىدى. نۇرغۇن دىنىي داھىي (ئىمام) لار ۋە مىللەتچىلەر قاسىم بەگ ئەمىنىنى غەربلىشىش ئىدىيىسى بەك كۈچلۈك دەپ ئەيىبلىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ غەربلىشىش ئىدىيىسى ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ «يېڭى ئاياللار» دېگەن ئەسىرى ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئاياللار مەسىلىسىنى «قۇرئان» ۋە شەرىئەت ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلماستىن، يېقىنقى زاماندىكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم - پەن ھەم ئىجتىمائىي ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇسلۇبى بويىچە مۇھاكىمە قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاياللار ئازادلىقى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا باغلىق. ئاياللار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ ھۆرلۈك دەۋرى، ئاياللار زۇلۇمغا ئۇچرايدى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

غان ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى، ئاياللارنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جەمئىيەتكە قاراپ مېڭىش دەۋرى ۋە ئاياللار ئازادلىققا چىققان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت دەۋرى قاتارلىق تۆت دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىسلام ئەللىرى 3 ـ دەۋردە تۇراتتى. غەرب ئەللىرى بولسا 4 ـ دەۋرگە كىرىپ بولغان ئىدى. ئۇ ئاياللار زۇلۇمغا ئۇچرىسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت قۇل بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئاياللار زۇلۇمدىن قۇتۇلسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ھەقىقىي ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە غەرب دۇنياسىدىكى ئىلىم ـ پەن، تەرەققىيات، ئىلغارلىق ئاياللار ئازادلىقىنىڭ ئۇل تېشى، ئىلىم ـ پەن ئىلغارلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئېچىۋېتىش ئەركىنلىكىنىڭ يۆلەنچۈكى، ئاياللار ئازادلىقى بولسا ئىنسانلار ئەركىنلىكىنىڭ تەلتۆكۈس ئىشقا ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

19 ـ ئەسىردىكى ئاخباراتچىلىق، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر غەرب ئاياللىرىنىڭ ئورنى ۋە تۇرمۇشىنى تەشۋىق قىلىپ، مەكتەپلەرگە كاتولىك دىنىدىكى ئاياللار مائارىپىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرنەك ئېلىشىنى ئۆگەتتى. ھىندىستانلىق دىنىي ئىسلاھاتچى سەئىد ئەھمەدخان (1817 ـ 1897) ئۆزىنىڭ «ئاشارۇس سانادىد» (سەنئەتكە بېشارەت) دېگەن ئەسىرى ۋە شاھ رەئۇف ئەھمەد مۇجەددىد ئۆزىنىڭ «دۇررۇلمەئارىف» (مەرىپەت ئۈنچىلىرى) دېگەن ئەسەرلىرىدە نادانلىق، خۇراپاتلىق، قالاقلىق، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىققا ئوخشاش ئىللەتلەرنىڭ ھامىيسى بولغان تەكەببۇر روھانىيلارنى تەنقىدلەپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش خاسىيىتى شەرھلەندى. ئەھمەدخاننىڭ ئوقۇغۇچىسى مۇمتاز ئەلى «ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆز ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەخلاقىي ـ دىنىي تەربىيە بىلەن ئەمەلىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇنىس ئىسلام ئالىمى ئىبن ئەبۇ دىياف ھىجرىيە 1273 (مىلادىيە 1857) ـ يىلى «ئاياللار ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنى، تاھىرخاددات ھىجرىيە 1348 (مىلادىيە 1930) ـ يىلى «شەرىئەت ۋە ئاياللار» دېگەن ئەسەرنى يازدى. «شەرىئەت ۋە ئاياللار» تاھىرخادداتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى ھەم جەۋھىرى ئىدى. تاھىرخاددات بارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن خەلقىنىڭ چوقۇم ئاڭ سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى، مىللىي تەرەققىياتقا پايدىسىز بولغان ئامىللارنىڭ سۈپۈرۈپ تاشلىنىشى، بارلىق ئامىللار ئىچىدە ئالدى بىلەن ئاياللار مەسىلىسىنىڭ ئوبدان ھەل قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بايقىدى. ئۇ نۇقتىلىق ھالدا ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئائىلە مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ شەرق، غەرب ئاياللىرىغا ئائىت بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىسلام دىنى تەرەققىياتىنى قوبۇل قىلىشى، يېقىنقى زاماننىڭ تۇرمۇش رېتىملىرى بىلەن تەڭ قەدەمدە ماسلىشىپ مېڭىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ شەرىئەت مەڭگۈدۇر. نىكاھ، نىكاھتىن ئاجرىشىش، مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە ئائىت ئىشلار شەرىئەتنىڭ پۈتىقىدۇر. ئىسلام دىنى رېئاللىققا يۈزلىنىدىغان دىن. ئۇ رېئاللىقتا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك سىرى، دەپ قارىدى.

ھىجرىيە 1300 (مىلادىيە 1883) ـ يىلى قىرىمدىكى باغچە ساراي شەھىرىدە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇنجى گېزىتى «تەرجىمان» دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ گېزىتنى پارىژ ۋە ئىستانبۇلدا ئاڭ ۋە بىلىم توپلىغان، بىر نەچچە خىل تىل بىلىدىغان قىرىملىق تاتار ئالىمى، ژۇرنالىست ۋە يازغۇچى ئىسمائىل بەگ غەسفىرىنسكىي (مىلادىيە 1851 ـ 1914) چىقاردى. ئۇ مۇئەللىملىك قىلغان ئوتتۇز ئىككى يىلدا ئۇنىڭ تەھرىرلىكىدىكى «تەرجىمان»

گېزىتى مىللىي ئەدەبىياتنى بىرىنچى مەقسەت قىلغان ھالدا تۇنجى ساندىن تارتىپ كەنجى سانىغىچە مەسلىكىنى ئۆزگەرتمەستىن باشتىن ـ ئاخىر مەقسەت بىرلىكى، تىل بىرلىكىدە چىڭ تۇردى. غەسفىرىنسكى تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى توپ سەۋەبىنى تاتارلارنىڭ ئۆزىدىن، ئۇلارنىڭ مىللەت ھەققىدە جان كۆيدۈرمىگەنلىكىدىن، قايغۇرمىغانلىقىدىن، ئەكسىچە نادان موللىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىزدىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەر بىر تاتار بەشتىن ـ ئالتىگىچە تىل بىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ مىللەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تاتار زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەش، رۇس تۇرمۇشىدىكى ئەپچىل تەرەپلەرنى تاتار دۇنياسىغا كۆچۈرۈپ كېلىش، رۇس ئوقۇتۇش سىستېمىسى ئىچىدىكى تاتار مائارىپىغا ماس كېلىدىغان پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، تاتار مائارىپىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى ئويلىدى ھەم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى، زېھنىنى مۇشۇ ئىشقا ئاتىدى. ئۇ مىللەتنىڭ ھالىغا چۆكمەي تۇرۇپ مىللەتكە خىزمەت قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتى. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ ياخشى ـ يامان تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەتقىق قىلىپ، مىللىي زەئىپلىكنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ۋە مىللەتنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. نېمە ئىش قىلىشقا، ئىشنى نەدىن باشلاشقا، ئۆلگەن كۆڭۈللەرنى قانداق نەرسە بىلەن تىرىلدۈرۈشكە، ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋالغان پەردىلەرنى نېمە بىلەن كۆتۈرۈشكە، نادانلىق دالاسىدا سۆرۈلۈپ ياتقان مىللەتنى نېمە بىلەن ئاياغ باستۇرۇشقا بولار؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بىلەن ئازابلاندى. ئاخىرىدا پەن ۋە مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشنى قارار قىلىپ مىللەت ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلدى. ئۇنىڭ تەھرىرلىكىدىكى «تەرجىمان» گېزىتى يەنە ئاياللار ئازادلىقىنى تەكىتلەپ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھۆرۈنلۇقىنى، ئەرلەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈشىنى، ئۆيگە سولىنىپ ياشاشلىرىنى تەنقىدلىدى.

ئىسمائىل بەگ غەسفىرىنسكى 1884 ـ يىللىرى ئۆزى قۇرغان «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىدە كېيىن ئۆزلىرىمۇ ئانا بولغۇسى قىزلارنى ئوقۇتتى. ئۇ شىمال تۈركلىرى ئىچىدە خوتۇن ـ قىزلار ئۈچۈن ئەڭ بۇرۇن ھۆرىيەت تەلەپ قىلغان ئادەم بولۇپ، قىزى شەفىقە توتاش (خېنىم) تەھرىرلىكىدە خوتۇن ـ قىزلارغا ئاتاپ «غەلەمى نىسۋان» (خوتۇن ـ قىزلار دۇنياسى) دېگەن ژۇرنالنى نەشر قىلدى. كېيىن قازاندا «سۇيۇمبىكە» ناملىق مەخسۇس بىر ئاياللار ژۇرنىلى دۇنياغا كەلدى.

ھىجرىيە 1325 (مىلادىيە 1908) ـ يىلى مەشھۇر تاتار ئالىمى رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن (1859 ـ 1936) ھەزرەتلىرى ئورىنبورگ شەھىرىدە «شورا» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى، ئۇ ئونبەش كۈندە بىر چىقىدىغان ئەدەبىي، پەننىي ۋە سىياسىي مەجمۇئە بولۇپ، ئۇنىڭ ژۇرنال نامى «قۇرئان كەرىم» دىكى «شورا» (كېڭەش) سۈرىسىدىن ئېلىنغان ئىدى. «شورا» مەخسۇس سەھىپىلەر ئاجرىتىپ، مۇسا بىگىيوۋ تەرىپىدىن يېزىلغان ئىپتىدائىي مەكتەپلەردە بالىلارغا ئۆگىتىش لازىم بولغان دىنىي ئىلىملەر، مىللەتنى ئىسلاھ قىلىش چارىلىرى ھەققىدىكى تەلەپ ـ تەكلىپلەر، «قۇرئان شەرىف ۋە ئىلىم» ماۋزۇلۇق لۇغەت، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە باشقىلارغا دائىر دەرسلەر، ئوفا، پېتېربورگ، قازان ۋە قوقەند قاتارلىق جايلارنىڭ سورىغان ھەر خىل تېمىدىكى سوئاللىرىغا «شورا» رىداكسىيىسىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى، رەشىد رىزا ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان مۇتەبەر «المنار» ژۇرنىلىدا مەھمۇد تەۋفىق ئەپەندى سىدىقى تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىلاردىن قىلىنغان تەرجىمىلەر، مىسىرلىق ئىسلام ئالىمى مۇستافا كامىل (1874 ـ 1908) تەرىپىدىن ھىجرىيە 1316 (مىلادىيە 1899) ـ يىلى نەشر قىلىنغان «اللواء» (تۇغ) ژۇرنىلىنىڭ ئىراندىكى شىرازدا چىقىدىغان «دارالعلم» گېزىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى پەنلەرنى ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى ھەققىدە سورىغان سوئال ـ جاۋابلىرى، «سىراتۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇستەقىم» ژۇرنىلىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان «تەلىم ۋە تەربىيە ھەققىدە ئىنگلىزلار ۋە بىزلەر» ماۋزۇلۇق ماقالىلەر، خوتۇن - قىزلار ۋە ئۇلارنىڭ بەزى يامان ئادەتلىرى، خوتۇن - قىزلارغا ئىلىم ئۆگەتمەك ئۈچۈن ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان «ئانىلار مەكتىپى» ھەققىدىكى خەۋەرلەر، غەززالى، مەۋەردى، ئىبنى مەسكۇيە، مەھمۇد ئەفەندى، ئەكرەم بەگ ۋە ئىسمائىل ھەققى قاتارلىق ئەرەب، تۈرك ئالىملىرىنىڭ «باللار تەربىيىسى ۋە ئانىلارنىڭ ئەخلاقى» توغرىسىدىكى ئەسەر، ماقالىلىرى، «تاشلانمىش باللار» تېمىسىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەر، تىلەمچى، پاھىشە ئايالار ۋە پاھىشەخانىلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ مىللەتكە كەلتۈرىدىغان ئاپەت ۋە زىيانلىرى، شەرئى مەھكىمە ۋە خوتۇن - قىزلار ھەققىدە مۇلاھىزە، شۇنداقلا ئەۋلاد تەربىيىسى ھەققىدە پېداگوگلارنىڭ ئۈگۈت - نەسىھەتلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بەردى.

رىزائىددىن بىننى پەخرىددىننىڭ خوتۇن - قىزلار خۇسۇسىدىكى ئەمگەكلىرى ئۇنىڭ ئىسلامىيەتنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇرلىرىنىڭ ئورگانىك بىر قىسمى بولۇپ، يالغۇز ژۇرنال چىقىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، «شورا» دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1321 (مىلادىيە 1904) - يىلى «مەشھۇر خوتۇنلار» ناملىق ئەسەرنى يازدى. شۇ يىلى ئورىنبورگتا نەشر قىلىنغان بۇ كىتابقا ئۇچيۈز ئاتمىش نەچچە نەپەر مەشھۇر نامدار مۇسۇلمان مۆھتەرەمە ۋالىدىلەر (ئانىلار) ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپە - خىزمەتلىرى كىرگۈزۈلدى. «مەشھۇر خوتۇنلار» دىن ئورۇن ئالغان ئولىبەنەتخان لۇتپۇللا سولايمان ئاخۇند قىزى «تۇرمۇش ئەدەبلىرى» ناملىق رىسالىنى يازدى. بۇ رىسالە رىزائىددىن بىننى پەخرىددىننىڭ 1897 - يىلى نويابىردىكى بىر تەھرىر ئېلاۋىسى بىلەن بىللە ھىجرىيە 1316 (مىلادىيە 1898 - 1899) - يىلى سانكت پېتىربۇرگدا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم نەشر قىلىنىپ تاتار مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان ئىدى. رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن يەنە قىزى زەينەپ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ھەققىدە «ئائىلە» ناملىق ئەسەرنى يازدى. بۇ ئەسەر يەنە ئۇنىڭ «تەربىيىلىك خوتۇنلار» دېگەن رىسالىسى بىلەن قوشۇلۇپ، جامائەتنىڭ فېئوداللىق خۇراپىي كۆز قاراشلىرىنى تۈزىتىشكە ھەم ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى ساقلاشقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئاياللارنى ئازاد قىلىشنىڭ يولى — بىرىنچىدىن، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش؛ ئىككىنچىددىن، ئۇلارنى خىزمەتكە قاتناشتۇرۇش بولدى. ئەمما، ئائىلە مەسىلىسى ئىسلاھاتچىلارنىڭ نەزەرىدە يەنىلا سىرلىق ۋە مۇقەددەس ئىدى. چۈنكى، مۇستەملىكىچىدلىك تەسىرىنىڭ مىللەتكە خىرىس قىلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كىرزىسقا پېتىپ قېلىشى ئارقىسىدا پەقەت ئائىلىلا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ زەربىسىگە ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ۋە بىرقەدەر مۇقىم ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ، ئۇ ئاياللاردىكى ئەنئەنە ۋە ئەخلاق، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلالايتتى. ئائىلە ئاۋامنىڭ ئاڭ ۋە ھېسسىياتىدا چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىزتىقۇ تومانلىرى ئىچىدىن ئۆز - ئۆزىنى تونۇۋالىدىغان، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان ۋە ئۆزىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر قەلئە ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزىلى ئويۇلغان ئاپتۇۋا ھەققىدە

ئىسمايىل ھاجى

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزىلى ئويۇلغان ئاپتۇۋىنىڭ رەسىمى سىزىلغان قولىيازما 7 - بەتتىن 99 - بەتكىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا يېزىلغان مۇھاكىمە ماقالىلىرى توپلىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. گەرچە بۇ ساھەدە ھازىر ئېرىشىلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئانچە زور تەتقىقات ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ، بىراق 89 - بېتىگە سىزىلغان بىر ئاپتۇۋىنىڭ رەسىمى ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئەھمىيىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئاپتۇۋىنىڭ ئاستىغا «نەۋائىي غەزىلى ئويۇلغان تۇچ ئاپتۇۋا» ھىجرىيە 1258 (مىلادىيە 1842) - يىلى خوتەن قارىقاشتا ياسالغان، دەپ ئىزاھات بېرىلگەندى. 88 - بەتنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا «شېئىرلىك جابدۇقلار» دېگەن ماۋزۇ قويۇلۇپ، «1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قەشقەر، خوتەندىن تېپىپ كەلگەن بىر قىسىم ئائىلە جابدۇق (ئاپتۇۋا، خۇن، ئىسرىق قاچىسى) لىرىغا بىرقانچە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر ئويۇپ يېزىلغانلىقى ئېنىقلاندى» دەپ يېزىلغان. 89 - بېتىگە نەۋائىنىڭ ئاپتۇۋىغا ئويۇلغان تۆۋەندىكى غەزىلى بېرىلگەن:

نە نامە ئەردىكى غەمكىن كۆڭۈلنى شاد ئەتتىڭ،
نە لۇتف ئىدىكى مېنى نامە بىرلە ياد ئەتتىڭ.
تىلىم بەياندا بەك شۈكرىدىن ئېرۇر ئاجىز،
بۇ نامە بىرلەكى بۇ ناتەۋاننى ياد ئەتتىڭ.
ئوقۇردا ئاقتى ياشىم ئىقتىيارسىز گويا،
كى ئاجىز دۇدەسىدىن نامەغە مىراد ئەتتىڭ.
يەتۇردى جىسمىغا رۇھ ئى قۇياش مەگەركى مەسىھ،
مۇئەللىم ئەردى دەمكىم بىتك سەۋاد ئەتتىڭ.
جەۋاھىرىكى ئىبەردىڭ بۇ نامۇراد ئۇچۇن،
كۆڭۈل خەزانەسى مەخزەنى مۇراد ئەتتىڭ.
نەسۇد بولسا ئەمەل نامەسى قارا گەر، خۇد
ئانىڭ نىشانى ئۆزە جەمشىد يا قۇباد ئەتتىڭ.
نەۋائى ھۇسنىگە رۇھ ئول قۇياش خەددى ئۇچۇن،
مەسىھ نۇتقىدا يوق ئەردى ئېئتىماد ئەتتىڭ.

بۇ ئاپتۇۋا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى چۈشەنەرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن: بىرىنچى، نۇقۇل قول ھۈنەرۋەنچىلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئاپتۇۋا تولىمۇ چىرايلىق، سىپتا، نەپىس ھەم پۇختا ياسالغان. ئۇنىڭدىكى خەتلەرمۇ خۇددى

www.uyghurkitap.com

ماھىر خەتتات قول بىلەن قەغەزگە يازغاندەك ناھايىتى كۆركەم، ئېنىق ئويۇلغان بولۇپ، ھازىر قەشقەرنىڭ ئۆستەڭ بويى، خوتەننىڭ ئوييازار، كۇچانىڭ كۆسەن كېچىكى ۋە ئۇرۇمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك بازارلىرىدا سېتىلىۋاتقان، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان ئاپتۇۋىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ ھۇنەر - سەنئەت تۇسىنى تېخىمۇ قويۇق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۆز دەۋرىنىڭ شاھىتى بولغان ئاتاقلىق ئالىم موللا مۇسا سايرامىنىڭ «خوتەن ناھايىتى كونا ۋە قەدىمىي مەشھۇر شەھەردۇر ··· ھەممە ئادەملىرى كاسىپ - ھۇنەرۋەن، تەبىئەت ئىدرىكى پاكىز، زېھنى يۈگۈرۈك بولۇپ، ھەرقانداق ھۇنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزۈپ، خېرىدارغا يارىغۇدەك قىلىپ، ئوبدان كۆرسىتىپ، ئۆز قولىدىن ئۆتكۈزۈپ نەق پۇلنى ئېلىشقا كامىل ۋە قابىلىيەتلىكتۇر. سودىگەر - ئەشرەپلەر تەرەپ - تەرەپتىن قانچە كۆپ پۇل ئېلىپ كېلىپ مال ئالسىمۇ، پۇلى تۈگەپ كەتسە كېتىدۇكى، لېكىن مال تۈگەپ كەتمەيدۇ» ① دەپ يازغىنىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاۋرېل ستەيىننىڭ «خوتەن ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك سانائەتنىڭ باشلانغان يېرى ۋە مەركىزى» ② ئىدى دېگەن يەكۈنىدىمۇ مۇشۇنداق ماددىي پاكىتلار ئاساس قىلىنغان بولسا كېرەك. مۇشۇ مەزگىلدە بەلكى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى خوتەندە قول ھۇنەرۋەنچىلىك سانائىتى راسا روناق تاپقان. ھەرقانداق ھۇنەرنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، خېرىدارغا يارىغۇدەك قىلىدىغان رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، چېچەن، باتۇر، ئىشچان بۇ خەلق گىلەم، قەغەز، شايى - ئەتلەس ۋە باشقا كەشپىيات - ھۇنەرلىرى بىلەن دۇنيادا شۆھرەت قازانغان. بىر قىسىم بىلىملىك ھۈنەرۋەنلەر ھۇنەر - كەشپىياتلىرىنى ئۆز بىلىمىنى ھەم ئۆز ھۇنىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلغان. «نەۋائىنىڭ غەزىلى ئويۇلغان تۈچ ئاپتۇۋا» دەل بۇنى دەلىللەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ھۇنەر - سەنئەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت نۇقتىسىدىنمۇ باھا بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان ئاتاقلىق شائىرلار، مۇتەپەككۇر، ئالىملارنىڭ شېئىر، ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئائىلە جابدۇقلىرىغا، مېھمان سارايلارنىڭ تام - ياغاچلىرىغا ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق ھەم ھۇنەر - سەنئەتنى، ھەم ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. مەن ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدا تالانتلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ «ئانا قەدرى» ناملىق شېئىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئايۋان - سارايلىرىغا ھۆسنخەت بىلەن ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يۇقىرىقى ئادەتلەرنىڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، خوتەندە 1840 - 1860 - يىللاردا مەدەنىيەت جەھەتتە، بولۇپمۇ يازما ئەدەبىياتتا بىرقەدەر يۈكسىلىش بارلىققا كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ساھەدە ئېرىشىلگەن ماتېرىياللار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭ بەدىئىي، تارىخىي قىممىتى يۇقىرىدىكى قاراشنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قاراقاشلىق دىلبەر دورغەنىڭ «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق شېئىرى، ئەخمەتشا قارىقاشى يازغان «سالامنامە» ناملىق مۇخەممەس بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. مەزمۇنى مول، پاكىت - ئاساسلىرى كۈچلۈك بولغان موللا ئىسمەتۇللا موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) رىسالىسى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئامانىسا خېنىم ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر، دراما، ھېكايە، پوۋېست، روماتلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتابتىكى ئىنچىكە، بىراق تولىمۇ قىممەتلىك تارىخىي بايانلارنى ئاساس قىلغان. مۇبادا بۇ كىتاب

بولمىغان بولسا خەلقىمىز تارىختا بىرىنچى بولۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش ۋە يۇرۇشلەشتۇرۇشتە ئاجايىپ كاتتا رول ئوينىغان بۇ ئۇلۇغ شائىرەسىنى بىلەلمىگەن بولاتتى.

مەن نەۋائىينىڭ ئاپتوۋىغا ئويۇلغان يۇقىرىدىكى غەزىلىنى تېيىپجان ئېلىيوۋ نەشرگە تەييارلاپ، 1982 ـ يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نەۋائى «غەزەللەر» ى ۋە قولۇمدا بار بولغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىر ـ داستانلىرى ئىچىدىن تاپالمىدىم. ھەممىگە مەلۇم، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر نەۋائى ئۆزىنىڭ ئاتمىش يىللىق ئۆمرىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ غەزەللىرىلا ئىككىمىڭ ئالتەيۈز پارچە بولۇپ، تېيىپجان ئېلىيوۋ نەشرگە تەييارلىغان يۇقىرىقى توپلامغا ئۇندىن بىر قىسمى، يەنى ئىككى يۈز ئاتمىش غەزەل كىرگۈزۈلگەن. نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغانلىرىنى يەنىلا تولۇق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ «غەزەل» نەۋائىينىڭ باشقا ئەسەرلىرىدە بار بولۇشى مۇمكىن.

**ئىزاھات:**

① موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
② ئاۋرېل ستەين «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

## تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئۇقتۇرۇشى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ھەربىر ئەسەر ژۇرنىلىمىزدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ پىلانلىشى، ئويۇشتۇرۇشى ۋە تەھرىرلىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا خادىملىرىمىزنىڭ قان ـ تەرى ۋە ئەجىر ـ مېھنىتى سىڭگەن. ئۇلارنى كىتابلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئېلان قىلىش جەھەتتە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆز پىلانى ۋە ھوقۇقى بار. شۇڭا، ژۇرنىلىمىزدا بۇندىن بۇرۇن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئەسەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئايرىم كىتاب قىلىپ ئىشلىشىگە، قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال سېزىلسە قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى